# ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى : ئابدۇكېرىم راخمان

مۇھەررىرى : ئىسلامجان شېرىپ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1981 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1981 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى

1092 × 787 مىللىمېتىر، 3·5 يىنجاڭ، 32 كەسىم

تىراژى : 18·000 — 1

كىتاب نومۇرى: M10264·4

باھاسى : 0·20 يۈەن

## تەھرىر ئىلاۋىسى

ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئادەتتە «تاخماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بېيىت — ئادەتتىكى شېئىرىي نۇتۇق تەرىقىسىدە ئېيتىلىدىغان ھەس-تۇيغۇغا باي، مۇستەقىل ئوي-پىكىرگە ئىگە قوشاقلار بولۇپ، ئۇ بوغۇم، رىتىم، مىسرا تۈزۈلۈشى جەھەتلەردىن چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، قويۇق شېئىرىي تۈسكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىتىك ھاياتىدا بېيىت ئېيتىشنى بىر خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغان. بېيىت ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇشىدا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئېتنوگرافىك مەنبەلىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇ-خىللىققا ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولغان خەلق بېيىتلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى ھازىرغىچە رەسمىي قولغا ئېلىنمىدى ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىلىپ كەلدى.

يولداش ئابدۇكېرىم راخمان دەسلەپكى قەدەمدە توپلاپ، رەتلەپ چىققان «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» نىڭ نەشىرگە تەييارلىنىشى بۇ خىزمەتنىڭ يېڭى باشلىنىشى. نۆۋەتتە ئىنتايىن باي ۋە خىلمۇ - خىل بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارىدا خەلق بېيىتلىرىنىمۇ توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى تۇتۇشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان يولداشلار بۇ خىزمەتكە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

1981 - يىل 9 - ئاي

# مۇندەرىجە


ئېتنىك بېيىتلار . . . . . . . . . . . . . . . . 1
مەشرەپ بېيىتلىرى . . . . . . . . . . . . . . . 9
ئىرسالنامىلار . . . . . . . . . . . . . . . 18
ھەر خىل تېمىدىكى بېيىتلار . . . . . . . . . . . . . . . 25
پارچە بېيىتلار . . . . . . . . . . . . . . . . 71
يەرلىك بېيىتلار . . . . . . . . . . . . . . . . 81
1 . قۇمۇل بېيىتلىرى . . . . . . . . . . . . . . 81
2 . لوپنۇر بېيىتلىرى . . . . . . . . . . . . . . 97

## ئېتنىنىك بىيىتلار

### هاي - هاي يولەن (1)

هاي - هاي يولەن، هاي يولەن گۈل قايدا بار، يار - يار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەرجايدا بار، يار - يار،
شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى يار - يار،
سىنالىمىغان يىگىتكە سىڭلىم چۈشتى يار - يار.

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا، يار - يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر يۇرتتا تولا يار - يار.
قارا - قارا قاغىلار خاماندىدۇر يار - يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندىدۇر يار - يار.

### هاي - هاي يولەن (2)

هاي - هاي يولەن، هاي يولەن، مەن نەقىلاي،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەگىمنى پارە قىلاي.
هاي - هاي يولەن، هاي يولەن، قار كېلىدۇ،
سېرىق سەبدە تونىنى كىيىپ يار كېلىدۇ.
سېرىق سەبدە تونىنىڭ، ئىچلىرى قات - قات،
ئۇنداق قىلماي كەپ تۇرسىلا، بېغىمغا پات - پات.

## هاي ـ هاي يولەن (3)

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن،
باشلا دىلا.
گۇلنى ئېلىپ چىگمەنگە
تاشلا دىلا.

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن
كويدى يۈرەك.
تۇتقان يارىم ئۇزلىرىدۇر
يوقتۇر بولەك.

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن
ئىز كېلىدۇ.
قىزدىل تونىنى پۈركىنىپ
قىز كېلىدۇ.

پۈركەنمە قىز، پۈركەنمە
كىم كوردىدۇ.
مەندىن باشقا جامالىڭغا
كىم كويىدۇ؟

## يار ـ يار (1)

(قىز كوچۇرۇش)

يىغلىما قىز، يىغلىما
تويۇڭ بولدى
ئالتۇن گۇللۇك كوشىگە
ئويۇڭ بولدى.
يىغلىما قىز، يىغلىما
خوش بولۇرسەن.

قارچۇغىدەك يىگىتكە
دوست بولۇرسەن.
يىغلىما قىز، يىغلىما
تويلىشىدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۇل يىگىت
سىر دىشىدۇر.
يىغلىما قىز، يىغلىما
باغرىم يارا.
سۆيگىنىگە تەگمىگەننىڭ
بەختى قارا.
ئاناڭ سېنى پۇلغا سېتىپ
شەھەر ئالامدۇ؟
سېنى شۇنداق سىرداشمىغان
ئەرگە بېرەمدۇ؟

## قىز بېرىش

قىز دىلگۇللەر ئىچىدە
غۇنچىسىنى ساقلىدۇق.
شۇنچە ئەلچى كېلىشۈدى
ھىچقايسىغا باقمىدۇق.
جاندىن ئېزىز بالىمىزنى
ئۇزلىرىگە ساقلىدۇق.
بالام قىلسىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.

كىشى كورسە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە.

## قىز ئېلىش

بازارلاردىن ئات ئالدۇق
ساغرىسى ئالا.
يۇقۇر مەلىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى نۇرلۇق، بىرى ئوتلۇق،
قاملىشىپ قالار.

## ئانا بېيىتى

كىچىككىنە قارا كوز، ۋاي بالام، ۋاي بالام،
تىلى تاتلىق، شىرىن سوز، ۋابالام، ۋاي بالام.
مەن بالامنى بەرمەيتتىم ۋابالام، ۋاي بالام.
تويلىغىنى ئالمايتتىم،ۋاي بالام، ۋاي بالام.
مەن بالامدىن ئايرىلدىم، ۋاي بالام، ۋاي بالام .
قاناتىمدىن قايرىلدىم، ۋابالام، ۋاي بالام.
ئويدە يالغۇز قالۇرمەن، ۋابالام، ۋاي بالام.
قىز مېھرىدە يانۇرمەن، ۋابالام، ۋاي بالام.
ئوچۇپ كەتتى ئويۇمدىن، ۋابالام، ۋاي بالام.
غايىپ بولدى كوزۇمدىن، ۋاي بالام، ۋاي بالام.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، ۋاي بالام، ۋاي بالام.

# يار سەنەم

"1" بويلۇق يار سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.
ئاتقۇنەڭنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.
بەردى سېنىڭ مۇبالىڭ،
سەكپاردىدۇر ياز سەنەم.
مەگەش كوزى دىلبىردىم،
مەستانىدۇر يار سەنەم.
هاي - هاي ئېتىم بارىدا،
خوش كوردىمەن يار سەنەم.
رۇخسارىڭنى سېغىنسام
چۇش كورىمەن يار سەنەم.
سايدا يۈرگەن جەرەننى،
سەككىز دەڭلا يار سەنەم.
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى،
مېنىڭ دەڭلار يار سەنەم.
تاغنى تۇمان - چاڭ باستى،
قار كېلىدۇ، يار سەنەم.
بەرگى غازاڭ تونىنى كىيىپ،
يار كېلىدۇ، يار سەنەم.
تاغ ئارقىسى مەلىدىن،
تويلاپ چۈشتۈم، يار سەنەم.
بېشىم پاتماس تۈڭلۈكتىن،

سەكرەپ چۈشتۈم، يار سەنەم.
سىڭلىم سېنىڭ ساچباغىڭ
يەرگە تېگەر، يار سەنەم.
قىز بويىغا يەتكەندە،
ئەرگە تېگەر، يار سەنەم.
يىراق يەردىن مەن كەلدىم،
خان ئەركىسى، يار سەنەم.
ئۆزۈكىڭنى ماڭا بەر،
يول خەجىسى، يار سەنەم.
قىز كېلىدۇ خىرامان،
يارى بىلەن، يار سەنەم.
قىز ئانىسى يىغلايدۇ،
زارى بىلەن يار سەنەم.
سەكرەپ يۈرگەن بېقىر تاق،
يول ئادىشىم، يار سەنەم.
باراي دىسەم يول يىراق،
قېرىنداشىم، يار سەنەم.
يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا،
ئاشىق ئىكەن، يار سەنەم.
ئىشقى ئوتى ئۆلاردىن،
قالغان ئىكەن، يار سەنەم.
يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا،
قېرىدىلار، يار سەنەم.
ئىشقى ئوتىنى ئالەمگە،

تېرىدىلار، يار سەنەم.
جەۋرى - زۇلۇم بەندەڭگە،
خۇدا سالما، يار سەنەم.
بىر ياخشىنى يامانغا،
ھېچ بۇيرۇما، يار سەنەم.

## قارلىق بېيىتى

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خوشلۇغىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.
ھەقتى ئالا رەھمەتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمەتىدىن بەندىلەرگە پەزلىنى قىلدى ئاشكار،
قىش بولسا ئالەم خەلقىغە رەسمى بولۇپتۇر قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق قەدىمىدىنلا بارۇ - بار.
قارلىق ئاپارغان كىشىنى پەمى ئەيلەپ تۇتسىلەر،
يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈپ ئالدىمىزغا كەلسىلەر،
رازىمىزكى، ئۇ بۇرادەر بەزمىمىزدىن ئۆتسىلەر
جانىدىل مېھمان بولۇرمىز، خۇش بولۇربان كۆتسىلەر.

## كۆك بېيىتى[1]

قىشلىغى ئۇندۇردىلەر بىر دانە بۇغدايىنى،
سوغارغىلى ئەر بارىمىكىن شۇ دانە بۇغدايىنى،
سوغارغىلى ئەر بولسىكەن شۇ دانە بۇغدايىنى،
كېچە - كۈندۈز يات قىلۇرمىز ئۇستۇن خۇدانى.

چىللى زېمىستاندا ئۆنەر سەبزە بېھارنىڭ ئەگىلى،
ياخشىلارنىڭ مىلىسىدىن سەبزە ئۆندى قىشلىغى.
قىشلىغى ئۆنگەن چېچەكنىڭ تەرىپى نازۇك تۇرۇر،
سۇغۇرۇپ گۈل چاچقىلى ئالغان كىشى ئاشۇق تۇرۇر.
تام چېچەك، تام سۇ چېچەك، تامدىن ئېگىز بارمۇ چېچەك.
كۆرگىلى كۆكلىك چېچەك، كۆتەرگىلى ئېغىر چېچەك.
بۇ چېچەكنىڭ تەرىپىنى مۇم بىلەن نام ئەيلىدۇق
بۇ چېچەكتىن ئۆزلىرىگە بىزمۇ سوغا ئەيلىدۇق.
گۈل - چېچەكلەرگە ئوراپ كۆكنى تۇتتۇم خوش ئالسىلا،
دۇنيانىڭ كارى نىمە يىراققىنا تاشلىسىلا،
ئېگىز - ئېگىز ئۆيلىرىنى پېشقىن بىلەن ئاقلىسىلا،
كۆكنى قويۇپ ئۆيلىرىدە ئۆيدەككىنە ياتسىلا،
نەغمىچى لازىم بولۇر ھاپىزلارنى راسلىسىلا،
ئۇسۇلچى لازىم بولۇر، جۇگانلارنى راسلىسىلا،
غازنى ئوتتۇز، قويىنى توققۇز، ھەممىنى تەڭ راسلىسىلا،
بۇ ئۆيۈڭنىڭ شەنىگە گازىر، مۇۋە ھەمدە شاراپمۇ راسلىسىلا

---

① كۆك بېيىتى (كۆك مەشرىپىدە ئېيتىلىدىغان بېيىت) — قەدىمدىن تارتىپ دىخانلار قىش كۈنلىرى ئۆيلىرىدە مايسا ئۈندۈرۈپ، كېلەر يىللىق مول ھوسۇلنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كېچىلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن كۆرگەن كىشىسىگە توققۇز تەخسە مۇۋە - چىۋە، بىر كىيىملىك رەخت بىلەن تۇتىدۇ. تا مايسا قېرىدىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغىچە بۇ مەشرەپ داۋاملىشىدۇ. كۆك مەشرىپى كۆپرەك قۇمۇل رايونىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

# مەشرەپ بېيىتلىرى

يەگەت

خېنىم، خېنىم، جانان خېنىم.
بېيىت ئېيتاي، ئاڭلاڭ خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋا، خېنىم.
ئاشىقلىق مەن خۇما خېنىم،
كۆز تەگمىسۇن جۇما، خېنىم،
ئېسىۋېلىڭ تۇما، خېنىم.

جامالىڭنى ياپما، خېنىم.
شامال بولۇپ قاچما، خېنىم.
شامال بولۇپ قاچساڭ، خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي، خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ، خېنىم
مامۇق بولۇپ ياتاي، خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ، خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي، خېنىم.
ئاق مۇز بولۇپ قاتساڭ خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ، خېنىم.

بېلىق بولۇپ ئويناي، خېنىم.
چىراق بولۇپ يانساڭ، خېنىم.
پىلىك بولۇپ كويەي، خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم.
زەرگەر بولۇپ سۇيەي، خېنىم.
چىچەك بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي، خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئويناي، خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن، خېنىم،
خۇش كەتتى چاي، ئالغىن خېنىم.

قىز:

يىگىت-يىگىت، جانان يىگىت،
بىيىت ئېيتاي، ئاڭلاڭ، يېگىت.
خەلقى ئالەم گۇۋا، يىگىت،
مەنمۇ كويەك، خۇما يىگىت.
جانغا جانان، داۋا يىگىت،
ئېسىۋالسام تۇما، يىگىت.
تاققا چىقسام دۇلدۇل، يىگىت،
باققا كىرسەم بۇلبۇل، يىگىت.
قىسىۋالسام بىر گۈل، يىگىت،
سوزى شېكەر، قوبۇل يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم، يىگىت،
مانا چىنە، تازىم، يىگىت.

# ئېيتىشماق

قىز: بازارغا بارغان يىگىت
قوش پىچاق ئاسقان يىگىت.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ
جۇۋاننى تاپقان يىگىت.
يىگىت: بازارغا بارغىنىم راستۇر،
قوش پىچاق ئاسقىنىم راستۇر.
قارلىغاچقا مەيلىم يوق،
جۇۋاننى تاپقىنىم راستۇر.
قىز: ئېرىق بىلەن ماڭساڭچۇ،
بىدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى دىسەڭچۇ،
غېرىپ كوڭلۇمنى گول قىلماي.
يىگىت: ئېرىق بىلەن ماڭ دەيسەن،
ماڭسام ھەر تەرەپتە يول.
دوستىڭىن تولا دۇشمەن بار،
يار ئۇزۇڭگە ئاگا بول.
قىز: مەن كەلدىم كارۋان بولۇپ،
كارۋانغا سايىۋەن بولۇپ.
كارۋان يولى توسالدى،
مەن قالدىم ھەيران بولۇپ.
يىگىت: سەن كەلسەڭ كارۋان بولۇپ،
كارۋانغا سايىۋەن بولۇپ.

كارۋان يولى توسالسا،
قالمىغىن ھەيران بولۇپ.

قىز: تام تۆپىسىدە تۇت قوغۇن
ئىككىسى بىشەكشىردىن.
ياندىشىپ تۇرغان يىگىتنىڭ
لەۋلىرى ئەجەپ شىرىن.

يىگىت: ياندىشىپ تۇرغاندىمىز،
گۈل ئارىشىپ تۇرغاندىمىز،
ھەممە لەززەتتىن كېچىپ،
سىزنى دەپ كەلگەندىمىز.

قىز: يول دىسەم يول بېرەملا
ياردىم بار باققا.
سۇ دىسەم سۇ بېرەملا
چىنە ئاياققا.

يىگىت: سۇ دىسىلە سۇ بېرەي
ھىجىر تاۋاقتا،
ئەسلى ياردىم ئۈزلىرى
ئۆيلىرى قاياقتا؟

قىز: ئۆيىمىزنىڭ ئۇ بېشى
مەكتەپخانىدۇر.
قويۇنلىرى مەن ئۈچۈن
بەھىشخانىدۇر.

يىگىت: بەھىشخانا ئىچىدە
بىر گۈل ئېچىلغان.
بىرسى سىلە، بىرسى مەن
قوشماق ئېچىلغان.

# چاي تۇتۇش

ئىلىدىن چىققان يىگىتنىڭ
تونى بار تۇگمەسى يوق.
باشلىرىغا گۇل قىسىپتۇ
گۇلى بار غۇنچىسى يوق.
گۇلنى ئالدىم كۆپكە سالدىم
كۆپتە شاراپ بار ئىكەن.
ئوڭ قولۇمغا چىنە ئالدىم
سول قولۇمغا شامچىراق.
شام چىراقتا كويىگىچە
مەشرەپتە كويگەن ياخشىراق.

قىز بەيتى:

تام توپىسىدە ئولتۇرادۇر،
غۇنچە بويلۇق شول يىگىت.
ئالما بەرسەم ئۇنىمايدۇ،
بۇلبۇل خۇيلۇق ئول يىگىت.
بۇلبۇل سۆپەت شۇ يىگىتنىڭ
سۆرىتى سۇلتانچە بار،
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ،
ئېچىلمىغان غۇنچەچە بار.

يىگىت بەيتى:

ئىشىك ئاچتىم تورگە باقتىم،
توردە بىر ئاي ئولتۇرۇر،

قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كوزلىرى ئويناپ تۇرۇر،
چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
بۇ كوڭۇل سىزگە چۈشۈپتۇ،
باشقىسى بىر پۇلچە يوق.

× × ×

قىز:

دەريادا بېلىق
تاغاردا تېرىق.
گۈلدەك يۈزىڭىز
نىمىشقا سېرىق ؟

يىگىت:

ئاسماندىكى ئاي
چەينەكتىكى چاي.
مەن سىزگە كويدۇم
ۋاي، يۈرىگىم، ۋاي! . . .

## ئېيتىشىش

A سىرلىق ساندۇق سىرى سىز،
پەردىلەرنىڭ بىرى سىز.
ئويناي دەيدۇ كوڭلىڭىز،
ئەمما قورقۇپ تۇرىسىز،

B : سېرلىق ساندۇق سېرى بىز
ھەممە قىزنىڭ پىرى بىز.
ھېچنەرسىدىن قورقمايمىز،
يامان ئىشتىن نېرى بىز.
A : ياغلىغىڭىز رەڭمۇ - رەڭ
سەل سىلىقراق گەپنى دەڭ.
لەۋلىرى سۇزۇك جانان
ئالما بېرەي يېرىپ يەڭ.
B : ئالمىڭىزنى يېمەيمەن
يېسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
يار ئۇستىگە يار تۇتسام
يارنىڭ كوڭلى ئاغرىيدۇ.

## «چۇن - چۇن سالۋات»

(1)

مەن ئوزەم باتۇر ئىدىم
تاغدا كىيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىغىمنى قىرلاۋېلىپ
قىردىق قىزنى قوغلاۋىدىم،
باتۇرلىغىمنى شۇندىن بىلىڭ؛
يېنى يوق قوڭغۇزنى،
يارغا تارتماي مىنىۋىدىم،
ئىششەك كىپەكنى،
ئەلگە يولەنمەي ئاتىۋىدىم.
ئۇنمىگەن چىغ تۇۋىدىن

تورەلمىگەن توشقان چىقتى،
پۆتمىغان چوماق بىلەن ئۇرسام،
كولمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئىككى كىشىگە باستۇردۇم،
توت كىشىگە سويدۇردۇم .
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز،
ھىلىمۇ بار تەڭ ياتىسى.

(2)

چاشقانىغا نوختا سالدىم
سورەلدى قاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلۇدىدىم
داۋاندىن ئاشتى.
داۋان سۈيى يامان ئىكەن
قاپتالدىن ئاشتى.
بىزنىڭ يارلار قاچان كېلەر
قەرەلدىن ئاشتى.
كەلمىگەچكە خاپىلىغىم
دېڭىزدەك تاشتى.

(3)

## قارا كوز

قارا كوزدەك ئولتۇرغان
كوڭلى ئالا قارا كوز .

سوغاقچىلىق تۇغدۇرغان
ئۇتى بالا قارا كوز.
ئاشىقلىقنىڭ دەردىدىن
يوق كورۇنىدۇ قارا كوز.
يەيدىغاندەك كوزلىرى
ئوت كورۇنىدۇ قارا كوز.
تومۇر ئوخشاش قوللىرىدىن
پۇل ئوتەمدۇ قارا كوز.
بۇرۇنلىرىنىڭ توشۇگىدىن
پىل ئوتەمدۇ قارا كوز.
هەلەپ يىگەن بۇقىدەك
پۇشۇلدىماڭ قارا كوز .
كۇرۇك بولغان توخۇدەك
دوكۇلدىماڭ قارا كوز.
مولۇن ئوخشاش ئالايماڭ
جىم ئولتۇرۇڭ پالا كوز .
مۇز ياغدۇرۇپ گولەيمەك
خوش ئولتۇرۇڭ كالا كوز.



# ئېرسالنامە①

(1)

يېتىپ مۇندا ھەسرەت ـ نادامەتتىمەن،
ئېرسالنامە ئەۋەتتىم خىجالەتتىمەن ،
پىراقىڭدا بولدى ھالىم زەبۇن،
ئۆزۈم غەمناك، مالامەتتىمەن.
سېنى كۆرمىگەن بولسامغۇ كاشكى،
بەنەگا كۆرۈپ بۇ ۋىلايەتتىمەن.
دىلىمغا قادالدى ئىشقىڭ خەنجىرى،
شۇندىن بۇيان بىمارەتتىمەن.②

(2)

مەن سىزگە كۆيەك ئۈچۈن ،
ھالىڭىز بولەك ئۈچۈن ،
جامالىڭىز كۆرمەك ئۈچۈن،
سالامنامە يازدىم سىزگە.
كىچىكلىكتە بىللە ئۆسكەن،

---

① ئېرسالنامە ــــ بېيىت شەكلىدە ئۆز ئارا خەت ئەۋەتىش.
② بىمار ــــ كېسەل، ئاغرىق.

كوڭلىمىزنى بىلىپ يۈرگەن،
ئىچىمىزدە كويۈپ ئۆلگەن،
تەڭ - تۇش يارىم سالام سىزگە.
مەكتەپلەردە ساۋاقداش،
يۇرت ئىچىدە قېرىنداش،
باشقا يۇرتتا غېرىپ باش،
غەمگۇزارىم، سالام سىزگە.
كوڭلۇمنى خىرە قىلىپ،
كۆندۈزنى كېچە قىلىپ،
سىزنى مەن ئىسە قىلىپ،
يازدىم خەت، سالام سىزگە.
ئاھ ئۇرۇپ ئويلاش بىلەن،
ياش توكۇپ يىغلاش بىلەن،
خوش-خەۋەر ئىزلەش بىلەن،
ئەۋەتتىم مەن سالام سىزگە.

(3)

تومۇزلاردا پۇتۇنۇك پۇتۇپ كويدى پېشانەم،
ئەگەر ئولۇپ كېتىپ قالسام قالسۇن نىشانەم.
پۇتۇكۇمنى ئوقۇپ - ئوقۇپ يادقا ئالارسەن،
گۇلچىمەننىڭ بۇلبۇلدەك يىغلاپ كېتەرسەن.
ئەي، چىمەننىڭ شوخ بۇلبۇلى كوكۇل ناۋاسى،
يەر - جاھاندا بارمىكىن تاڭ، يارنىڭ ۋاپاسى.
يار ۋاپاسى بارمىكىن دەپ بەردىم كوڭلۇمنى،
كوڭلى يوقكەن سولاشتۇردى غۇنچە كوڭلۇمنى.

(4)

مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گادايىڭ،
دىگەچ قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىڭ.
مېنىڭدە قالمىدى سەبرى - قارارىم،
سېنىڭ ھالىڭ نىچۈك ئەي مېھرىبانىم.
بايان قىلسام ساڭا بۇ ئارزۇ - ھالىم،
قېشىڭغا بارماقتۇر پىكرى - خىيالىم.
ئۆزۈم مۇندا كوڭلۇم سەندىدۇر دائىم،
ساڭا مەلۇم ئەمەس، بۇ مېنىڭ ھالىم.
ئەگەر بىلسەڭ بۇ ھالىمنى نىگارىم،
ساماندەك ساپ - سېرىق بولدى چىرايىم.
سىزىپ كەتتى بۇ تەندىن ئۇستىخانىم،
ساڭا يەتسە بولۇر ھاسىل - مۇرادىم.

(5)

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىيا بىلەن سىز،
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
لەھەل بىلەن كوز.
تۇندە يېزىپ خەت ئەۋەتتىسىم،
بولمىسىمۇ تۇز.
تۇز بولسىمۇ - بولمىسىمۇ،
ئوقۇڭ ئانار يۈز.
خەت يازغانغا تۇگەمىدىكىن
يۈرەكتىكى سۆز.
ھەر كىشىنىڭ تۇتقان يارى،

ئۆزدىگىدۇر ئۆز.
پۇرىغىلى خۇش پۇراق،
قىزىلگۈلۈمسىز.
قۇشلىغىلى قولۇمدىكى،
جان قۇرغۇيۇم سىز،
كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي
تېرەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئۈزىۋالاي
يۈرەكىڭىزدە.

(6)

سېنىڭدەك بىناۋا ئالەمگە كەلمەس،
ناگان كەلسە كېلۈركى، جاھانغا كەلمەس.
مەن ساڭا كويۇپ بالاغا قالدىم،
رەھمى ئەتمىسلەر خۇداغا سالدىم.
ساڭا ئەي دىلبەر ھالىمنى ئېيتاي،
تۇمەن مىڭ دەرت بىلەن نالىمنى ئېيتاي.
ئىچىمدە يۈز تۇمەن دەردى غېمىم بار،
دادىمغا يېتەر يوقتۇر غەمگۇزار.
ئەجەپ دىشۋاركەن ياردىن جۇدالىق،
ھاڭا كۆن يوقكەن ئارام خۇدالىق.

ئەقلى ھۇشۇم كەتتى شۇتاپ،
ئاي يۈزىڭنى سېغىنىپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يۇق
ئاھۇ كوزۇڭنى سېغىنىپ.

چىققۇدەك بوپ قالدى جانىم،
شىردىن سوزۇڭنى سېغىنىپ.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
كەتتىم ئوزۇڭنى سېغىنىپ.

(7)

سېنى مۇندا مېنى مۇندا ياراتتى،
قارا دۇشمەن بىزنى يەرگە قاراتتى.
ئىشقى ئوتۇڭدا ئولدۇم، نىگارىم،
بۇ ئوتنى ساڭمۇ سالغاي خۇدايىم.
سېنىڭ دەردىڭ مېنى دىۋانە قىلدى،
يۈرەكنى ھەركۈنى مىڭ پارە قىلدى.
سېنىڭدەك نازنىن قېشىمدا بولسا،
پەقىردەك قۇللۇرۇڭ خىزمەتتە بولسا.
قەلەمدەك قاشلىرىڭ، ئايدەك جامالىڭ،
مېنى ئوتقا سېلىپ نەدۇر خىيالىڭ.
مەلىكەم مېھردىۋان مېھرى نىگارىم،
جۇدا بولغاچ سېرىق بولدى چىرايىم،
سېنىڭدىن بولەك يوقتۇر ئاداشىم،
جېنىم تەسەددۇق، شۇدۇر قارارىم.

(8)

ھۇۋەللىپىراق ① ۋاھازەلىشتىياق، ②
مۇبارەك جامالىڭىز كوڭلۇمگە يېقىن كوزۇمدىن يىراق.

---

① ئولپىراق، ② بۇ ئىشتىياق.

چىقەندى جان،
يەتمەدى ئاھۇ - پىغان،
ئول نازاكەت بوستانىنىڭ نەۋ باھارى،
ھوسنى ئىقلىمىنىڭ شاسۋارى①،
مالامەت گۈلشىنىنىڭ گۈلئوزارى②
جاندىن ئەزىز،
قەندىن لەزىز،
قەلەم قاشلىق، ئالتۇن باشلىق،
سۇمبۇل چاچلىق، كىيىك ياشلىق،
ئەنار بويلۇق، رىزۋان خۇيلۇق،
قەمەر يۈزلۈك، شېكەر سوزلۈك،
مەھبۇبى، مەشۇقى شاھىغا:
كەمىنە ئىشقى ئوتىدا كويگەن،
بالا ۋە مېھنەت دېشىدا ئورتەنگەن،
كېچىلىرى بىئارام بولغان،
كۈندۈزلىرى بىقارار بولغان،
دىلى پۇرغەم،
كوزى پۇرنەم،
ئاشىقى سەرۋىنازىم،③
ۋە مەشۇقى دىلىناۋازىم،④
ھالىم مېنىڭ ئوخشايدۇلاركى:
پەرھات - شىرىنىدىن ،

---

① چىرايلىقلار ئىقلىمىنىڭ ئات-لىق شاھى. ② گۈل يۈزلۈك.
③ سەرۋە دەرىخىدەك نازۇك. ④ كوڭۈلگە ياقىدىغان.

لەيلى — مەجنۇندىن،
ۋاموق — ئۇزرادىن،
يۇسۇپ — زىلەيخادىن،
غېرىپ — سەنەمدىن،
بېلىق — دەريادىن،
سەدەپ — گۆھەردىن،
گۇل — غۇنچىدىن،
بۇلبۇل — باغچىدىن،
كىيىك — تاغىدىن،
چىراق — ياغىدىن،
تۇگە — بوتىسىدىن،
قارغۇ — ھاسىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق.

شۇندىن بۇيان مىرادىمغا يېتەلمەي،
يا بىر تەرەپكە كېتەلمەي،
مۇھەببەت شۇۋىسىدە سىزىپ،①
سەۋدىنىڭ بوتىسىدە ② ئىزىپ،
پىراق ئوتىنى باشلاپ،
ئىككى كوزۇمنى ياشلاپ،
گەدىنىمنى قاشلاپ
ھىچ چارە تاپالماي،
ئەھۋالىمنى ئېيتالماي،
نالايىق رۇقىيە③ ئېرسال قىلىندى.

---

① كوپ مەنىسىدە، ② ھاۋانچا تېشى. ③ باغاق، خەت مەنىسىدە.

# ھەرخىل تېمىدىكى بېيىتلار

## نازىگۇل

ئالەمدە يوق ئۆزلىرى،
بەكمۇ شىرىن سوزلىرى،
چىم بۇلاقتەك كوزلىرى،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.
كىردىم ئىشىككە مەن غېرىپ،
ئىككى كوزۇمگە ياش ئېلىپ،
ئاشىقلىقنى جان بىلىپ،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.
ئىشقى ئوتى بەكمۇ يامان،
چىرايىم سېرىق - سامان،
خۇدا قىلسا جاننى ئامان،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.
دەردىم تولا يارىم مېنىڭ،
يەتسۇن ساڭا زارىم مېنىڭ،
باشقىغا يوق كارىم مېنىڭ،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۇل.
بېيىت سۇندۇم يارىم شۇڭا،

بۇگۈن جاۋاپ بەرگىن ماڭا،
جېنىم پەيدا بولسۇن ساڭا،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۈل.

## ياخشى قال . . . .

بىرگە كەتمەي قېپ قالدىڭ،
جۇدالىغىم ياخشى قال.
هاياتىمنىڭ باهارى،
خۇمالىغىم ياخشى قال.
تولۇن ئايدەك چىرايىڭ،
زىبالىغىم ياخشى قال.
سوزى شىرىن، خۇما كوز
ئىپارلىغىم ياخشى قال.
جۇدالىقتىن دەرت چەككەن،
ۋاپالىغىم ياخشى قال.
بۇ ئالەمدە يىگانە
تۇمالىغىم ياخشى قال.
ئەل ئاغزىدا تىل تېتىق،
بال شېكەرىم ياخشى قال.
يۇرىگىمنىڭ پارچىسى،
جان- جىگەرىم ياخشى قال.
ئامرىغىم سەن ئومۇرلۇك،
لەۋزى هەسەل سۆيۈملۇك،
كوڭۇل خۇشى كويۇملۇك،
ئاي نىگارىم ياخشى قال.

زىل كوڭۈلنى خار قىلما،
كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما،
ئۆزگىلەرنى يار قىلما،
دىل مادارىم ياخشى قال.

## قاراكوز

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كوز.
ئاندا ـ ساندا گەپ قىلىپ،
ئالداپ يۈرگەن قارا كوز.
بىر قارىسام كوزىڭىز،
يۇلتۇز ئوخشاش قارا كوز.
چېچىڭىزمۇ قاپ ـ قارا،
قۇندۇز ئوخشاش قارا كوز.
ئېرىغىڭىز ئېچىدىن
ئۆدەك ئوتەر، قارا كوز.
ئوتىڭىزدا بۇ ئومۇر،
سۇدەك ئوتەر، قارا كوز.
يار يولىغا سەپ سېلىپ،
خوش ئوينىغان قارا كوز.
بويى ئوسۇپ، ئات مىنىپ،
قوش ھەيدىگەن، قارا كوز.
جەدە ئاتقا مىنگەندە،
ياندۇرۇپ ئوتۇك، قارا كوز.
قۇلاق سېلىپ كېپىمگە،
قاندۇرۇپ ئوتۇك، قارا كوز.

## قاراقاش

ئىگىز ئاسماندىن چۈشۈپتۇ مۆشتەك ئالا تاش،
كۆيدۈردى جېنىمنى زالىم قارا قاش.
قىزىلگۈللەر ئېچىلىپتۇ باغچا ئىچىدە،
قارا قاش يار ئولتۇرادۇر ھوجرا! ئىچىدە.
قارا قاشقا سىنچاي تۇتتۇم كۆڭلىگە يېقىپ،
ئىچمىسىمۇ ئىچكۈزەرمەن قەن - شېكەر قېتىپ،
كۈلمىسىمۇ كۈلدۈرەرمەن غىدىقلاپ يېقىپ،
گەپ قىلمىسىمۇ سۆزلىتەرمەن بېيىتلار ئېيتىپ.

## قارلىغاچ

قارلىغاچ ئۆزى قارا، بويىنى بىلەن تۇشى ئالا،
سەككىز ئاي ئۇتۇڭدا كۆيدۈم بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا.
قارلىغاچ ئۇچساڭمۇ ئۇچ، كەل مېنىڭ يانىمدىن ئۇچ،
قانىتىڭغا خەت يازاي، ئاپىرىپ يارىمغا تۇت.

## سۇ كېلىدۇ

سۇ كېلىدۇ تاش ئۇستىدە،
ئوركەشلەيدۇ قاش ئۇستىدە،
سەن يارىمنى ئويلاپ - ئويلاپ،
يىغلىغۇتتىم ئاش ئۇستىدە.
سۇ كېلىدۇ ئەگىپ - ئەگىپ،
يار كېلىدۇ ئۆيدىن چىقىپ،

كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى،
يۈرىگىمگە ئوتنى يېقىپ.
سۇ كېلىدۇ لاختا ـ لاختا،
ساندۇغۇمنىڭ تېگى تاختا.
كويۇك نىمە بىلمەپتىمەن،
كورمىگەندە سېنى باشتا.
سۇ كېلىدۇ گۈلدۈر ـ گۈلدۈر،
سۆيگۈنۈم بىر قىزىلگۈلدۈر،
ئايرىلغىلى ئۈچ ئاي بولدى،
چىرايىم سېرىق گۈلدۈر.

## چىمەنگۈل

ھەممىدىن ئىگىز ئۈچۈن
كوزۇم چۈشتى تېرەككە.
جاندىن ئېزىز چىمەنگۈل،
ئوتۇڭ چۈشتى يۈرەككە.
خاتىرەڭنى جەمى قىل
گەپ قىلمايمەن مىۋالەككە.
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز
ماڭا كەلگەن ئەلەمگە.
كويۇكنى خۇدا سالغان،
غېرىپ بىلەن سەنەمگە.

## قىزىلگۈل

باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ
بىر تۈپ قىزىلگۈل.

يېنىڭىزدا سايرىشىپتۇ
مەستانە بۇلبۇل.
پۇرىغىلى خۇش پۇراقلىق
قىزىلگۇللۇمسىز.
قۇشلىغىلى قولۇمدىكى
جان قۇرغۇيۇم سىز.
ھەر كىشىنىڭ يارى باردۇر
سىزنىڭچە يوقتۇر.
دەردىڭىزنى تولا تارتقان
مېنىڭچە يوقتۇر.

## بوز ئات

ئېتىم بوز ئات، ئېتىم بوز ئات
يايلىقىنى ئۇزات.
بۈگۈن ئاخشام يار قېشىغا
يەتكۈزگىن بوز ئات.
بۈگۈن ئاخشام يار قېشىغا
يەتكۈزسەڭ بوز ئات،
باشكىنەگەدىن يۈگەن ئېلىپ
قىلىمەن ئازات.

## قامچا

ئىگىز تاغنىڭ ئۈيانىدا
قامچام قېلىپتۇ.

قامچا بويلۇق زىلۋا يىگىت
بۇغداي تېرىپتۇ.
بۇغدىيىنى ئورا - ئورا
بېلى تېلىپتۇ.
ئوغىقىنى قىردا قويۇپ
ئۇخلاپ قېلىپتۇ.
ئوغىتايمۇ - ئوغاتمايمۇ
راسا ھېرىپتۇ.
ئوغاتمىسام دىمەسمۇ ئۇ —
«مەندىن چېنىپتۇ».

## مېغىز

قارا ئۆرۈك مېغىزىنى چۇپلەپ ساقلىدىم،
قاپ ئىچىدە مېغىز ئوخشاش نومۇس ساقلىدىم.
تالاي يىگىت سوز قاتتى ھەرگىز باقمىدىم.
باقسامۇ مەن ئەل ئىچىدە باققاندىمە،
قوغلاپ كەلسە سەن تەرەپكە قاچقاندىمە،
ئىشىنەمسەن، ئىشەنمەمسەن جانالىغىم قارا كوز،
چىن كېپىمنى ساڭا ئېيتتىم، باشقىلارغا قۇرۇق سوز.

## بوز تورغاي

قام توپىسىدە بىر بۇغداي،
ئۇنى يىگەن بوز تورغاي.

بىر ئىشىكتە مەن بولغاي،
بىر ئىشىكتە سەن بولغاي.
غۇنچە، بويلۇق يارىمغا
پوتا سالسام نىم بولغاي!...

## تېرەك

تال - تال ئۆسكەن تېرىكىم،
توپ - توپ ئۆسكەن تېرىكىم،
ئايۋاندىكى يارىمنى
كۆرۈش ئىدى تىلىكىم.
چىقىمەن دەپ تېرەككە
سۇرۇلدى بۇ بىلىكىم.
يار كوڭلىمگە ياقماپتۇ
مېنىڭ مۇنداق قىلىغىم.

## ئالتۇن ئەمەسمۇ...

دوڭ يەرگە ساراي سالدىم،
تۈۋرۈك قويۇقلۇق.
ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
ئىگەر توقۇملۇق.
ئات قېشىدا يالىلىدىغان
يالقۇن ئەمەسمۇ؟
يار بىلەن ئۆتكەن تۈگۈچ
ئالتۇن ئەمەسمۇ؟

## قاراقات

ئىككى تاغنىڭ ئۈيانىدا بىر تۈپ قاراقات،
شۇل يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى چىلان تورۇق ئات.
ئۈزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن، قامچىسى پولات،
كۆزلىرى خۇمار ئىكەن، لەۋلىرى ناۋات.
ناۋات ئىچسەم مېنىڭ كۆڭلۈم بولمامدۇ ئاۋات!

## تۇمار

كول بېشىغا سۇغا چىقتىم تۇمارنى ئېسىپ،
ئەجەپ خۇش خۇي ئولتۇرۇپلا كىتاپنى ئېچىپ،
ئاستا كېلىپ سالام قىلدىم بوينۇمنى ئېگىپ،
ھەجەپمىغۇ سەزمىدىلە كۆڭلۈمنى چىگىپ.

## ئاق ساراي

ئاق سارايغا ۋاسا تىزدىم
سانىمىدىم جۈپمۇ - تاق.
ئاق سارايدىن يارى چىقتى
مەڭزى قىزىل، يۈزى ئاق.
مەڭزى قىزىل، يۈزى ئاققا
ئاشنا بولسا كىشى،
قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك
قولىغا قونسا كىشى.
ئاق سارايغا يارى كىردى،

زەيتۇنە تونشى كىيىپ،
ئارقىسىدىن مەنمۇ كىردىم،
بىر تۇتام گۈلنى ئېلىپ.
ئەقلى بولسا گۈلنى ئالار،
پەمى بولسا غۇنچىنى،
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ
گۈلدىن بەتەر قىلدى مېنى.
ئاق دادام، ئاپپاق دادام
قەشقەرغە بارغۇم كېلىدۇ،
ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا
تاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.
ئاق سارايىنىڭ قىزلىرى
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن،
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك
ئاشىقلىرى زەرگەرمىكىن.

## روچۇن

ئىككى ئېرىقىقا سۇ كەپتۇ، ئۈنچە - مارجان، ساي بىلەن
مېنىڭ يارىم قاچان كېلەر، يېڭى چىققان ئاي بىلەن.
ئاي چىقىپ پەيمانىغا يەتتى، كۈن تېخى پەرمان بىلەن،
ئاشنا بولساق تەڭ بولايلى، ئىشتىياق - ئارمان بىلەن.
ئىشتىياقنىڭ دەردىدە ھېچ مادارىم قالمىدى،
روچۇندەك سارغىيىپ ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.
روچۇن بولسا كىشى، ئۇچسا قاناتىنى سوزۇپ
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم، مەن كېتەي ئۈمىت ئۈزۈپ.

## تىللا

تىللا دەيدۇ، تىللا دەيدۇ
تىللا نە دىكەن؟
تىللادەك قىز نەدە بولسا
تىللا شۇ يەردىكەن.
تىللاسى بار مەخسۇتباينىڭ
چوڭ قىزى گالۋاڭ،
كىچىك قىزى چېكىمدىن ئاشقان
ساراڭ ئەردىكەن.

## غەلۋىر

يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش، قۇيسىلا تۇرماس تېرىق،
يار ئوتىدا بولدى شۇ كۆلدەك چىرايىم ساپ - سېرىق.
چىرايىم چىغدەك سېرىق، ياتسام كېلىپمۇ كورمىدىڭ،
ھەقتى ئالاغا شۇكۇر، سەن كەلمىسەڭ مەن ئولمىدىم.

## يېلىنىش

باغدىكى بونجا تېرەكتەك
بويلىرىڭنىڭ تۈزلۈگى.
تالدا سارغايغان ئۈزۈمدەك،
لەۋلىرىڭ سۈزۈكلۈگى.
تالدا سارغايغان ئۈزۈمنىڭ
ھەسەل ئوخشاش سۈيى بار.

مەن يىتىم بىچارىنىڭ
سەندىن ئۆزگە كىمى بار؟!
كوككىنە كەپتەر ئەمەسمەن
كۆندە ـ كۆندە كەلگىلى.
ئايدا ـ يىلدا بىر كېلورمەن
ئاي يۈزۈڭنى كورگىلى.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە ـ پىيالىگە.
ئورگۈلۈپ بىر قارىمايسەن
مەن يىتىم بىچارىگە.

## چىراي ۋە قىلىق

ئۈزلىغىيۇ ـ ئۈزلۈغى
شۇ خېنىمنىڭ ئۈزلۈغى.
چىرايىنى ھەش قىلىپتۇ
قىلىغىنىڭ مۈزلۈغى.
ئوز چىرايى بولمىسا،
خۇش چىراي بولسا كىشى.
قىلىغىدىن ياشىرىپ،
جان پىدا بولسا كىشى.

## رەنجىش

كەلمىدى يار كەلمىدى
نىم بولدى يار كەلمىدى.

ئېتىنىڭ ئايىغى سۇندى
يانا بولدى كەلمىدى.
ئېتىنىڭ ئايىغى سۇنسا
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى.
يارنىڭ كوڭلى ياردا بولسا
بىر كېلىپ كورمەسمىدى.

## يار بېغىدا

بىزنىڭ يارنىڭ باغلىرىدا
سەبدە گۇلى بىر قۇچاق.
ئوڭ يېنىمغا ئوق تېگىپتۇ
سول يېنىمغا يوز پىچاق.
يوز پىچاقنىڭ دەردىنى
بىر پىچاقچە كورمىدىم.
مىڭدىن بىرىنى ئاشىق ئەتتىم
بىر سىنىڭدەك كورمىدىم.

## ئۇمىت

ئورگەلدى پەلەك،
چورگەلدى پەلەك.
گەپ قىلماڭ ئاداش،
خىيالىم بولەك.
يىغلىغان بىكارە

قاخشىغان بىكار.
باشقا يار بىلەن،
قىينالغان بىكار.
ئېچىلىدۇ گۈل،
چېچىلىدۇ گۈل.
يارنىڭ بېغىدا،
خۇش پۇرايدۇ گۈل.

## قارا قاش

سۆيگۈچىنىڭ تېگى بىلەن
سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش؟
سېنى بىر دەم كۆرمىسەم
كۈن ئۆتەمدۇ قارا قاش؟
ئاسماندا يۇلتۇز تولا
بىر بىرىگە ئوخشىماس
ئالەمدە ئادەم تولا
ساڭا ئوخشامدۇ، قارا قاش؟
ئالما شېخى، گۈل شېخى
سۇنسا سۇنار، قايرىلماس.
ۋىسالىڭدىن قۇياشمۇ
ئىتەك ئاچار، قارا قاش.

## سېنى دەپ

ئۇ مەھەللىدىن بۇ مەھەللىگە
ئوينىاي دەپ كەلدىم.

مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ،
سىناي دەپ كەلدىم.
ئۇ مەلىگىدىن بۇ مەلىگە
يوللار بارمىكىن؟
يار ئاغرىغى بولۇپ قالدىم
دورا بارمىكىن؟
يار ئاغرىغى بولغانلارنىڭ
دورىسى مەندە.
ئەرتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە،
يارنى كۆرگەندە.

## ئىرادە

سېنى دىدىم، سېنى دىدىم
كەچتىم بۇ جاندىن
يۈرەك باغرىم پارە - پارە
كۆز يېشىم ئاندىن.
شۇندىن شۇڭغا كەلمىشىم
سەن يار ئۈچۈندۈر.
جەۋرى - جاپا چەكمىشىم
دىدار ئۈچۈندۈر.
باراي دىسەم بارما دەيدۇ
مەيلىم ئۆزەمنىڭ.
سەكسەن قامچا يېگەن بىلەن
ياردىم ئۆزەمنىڭ.
ئىگىز - ئىگىز تاغ باشىدا

چىراق كۆيەدۇ،
چىراق ئەمەس يارىنىڭ ئوتى
يۈرەك كۆيەدۇ.

## بولسا

يىگىت بولسا دۇرۇس بولسا، گەپ- سوزى توزۇك بولسا،
ئىرادىسى پولاتتىن يىقىلماس تۈۋرۈك بولسا.
قىز بولسا سۆزۈك بولسا، بەش قولدا ئۈزۈك بولسا
بىر قېتىم قاراپ قويسا، بىر ئومۇر ئۇزۇق بولسا.

## ئانار چىچىگى

سۇ چىچىگى، سۇ چىچىگى، سۇنىڭ چىچىگى،
دەم ئېچىلىپ دەم يۇمۇلغان ياڭاق چىچىگى.
يار ئۈستىگە يار تۇتقانلار ئوجۇل چىچىگى،
مېنىڭ ياردىم بىرلا ئۇچۇن ئانار چىچىگى.

## ئالما يەڭ

باغلىغىمنى كوك بوياتتىم بەلۋېغىمنى ھاۋا رەڭ،
يېڭى باغدا ئالما پىشتى كۇندە كېلىپ ئالما يەڭ.
يېڭى باغنىڭ ئالمىسىنىڭ تەگىدىن تولا سۇيى بار،
بىز غېرىپ بىچارىنىڭ سىزدىن باشقا كىمى بار؟
بىزدەك غېرىپ بىچارىلەر تامدىن قاراپ يۈرگۈدەك
چارىسىنىڭ يوقلىغىدىن كۈندە مىڭلاپ ئولگۈدەك.

# كويەك

گۈل ئارىلاپ ئۈچۈپ يۈرگەن جېنى نازۈك كېپىنەك،
بىزنى مۇنچە كويدۈرگەن بېلى نازۈك سېكىلەك.
قېشى قارا، مەڭزى قىزىل، كوزى چولپان ئاق بىلەك،
ئاق بىلەككە ئاشىق بولۇپ كويدۇ بىزنىڭ يۈرەك.
بۇ يۈرەكنى سەگىتەي دەپ سۇنى ئىچتىم ئون چىلەك،
سۇ ئىچكەنگە سەگىمەيدىكەن، جانغا پاتقان بۇ كويەك.

# ساۋاپ

بەشكىرەمدىن ئەنجۈر ئالدىم يەركەندىن راۋاپ،
ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام بەرمەيدۇ جاۋاپ.
باراي دىسەم كىرگۈزمەيدۇ ئىتىڭىز قاۋاپ،
ئوتىڭىزدا بولدى شۇ تاپ يۈرىگىم كاۋاپ.

# سېغىز

ئاكام سالغان باراڭغا تۇت دانە تۈۋرۈك
يارىمغا مەن ئەكەلدىم بازاردىن ئۆرۈك.
ئۈچكە چېقىپ مەن سۇنسام يارىمغا مېغىز،
قارىسىلدايدۇ بىر ئەپلىك ئاغزىدا سېغىز.
ئەمدى بىلدىم بار ئىكەن سېغىز بەرگەنلەر،
مېنىڭسىز مۇ يارىمغا مېغىز بەرگەنلەر.

## ئەقىدە

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ، مېنىڭ يارىمنى،
ئىگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ بويى تالىمنى.
ئىگىز داۋان ئاشما غۇنچە يۇرتلار كورۇنمەس،
قارا يورغا مىنىمىگۇنچە ئەللەر كېزىلمەس،
باراي دىسەم بارما دەيدۇ مەيلىم ئوزەمنىڭ،
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن يارىم ئوزەمنىڭ.
بارغىنىمدا ياز بولۇپتۇ يانسام زىمىستان،
ئوتكەن كۇنۇم كەچمەسىمىدى ياردىن ئايرىلسام.
قارىغانىغا كورۇنمەيدۇ سەمەندىن قوغان،
ئەجەپمۇ يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان.
ھاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن قارنى ياغدۇرغان.
قىزمىكىن يا جۇۋانمىكىن كوڭۇل ئازدۇرغان.
تولا بارسام ئاچچىق قىلىپ يامان سوز قىلماڭ،
بۇ كوڭۇلنىڭ خاھىشىدۇر سىزگە باردۇرغان.

## دەرتمەن

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن ئويچىمىدىڭ سەن،
تاغ باغرىدا يېتىۋاپسەن قويچىمىدىڭ سەن.
قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى بىللە باقايلى،
كونا يارنىڭ يۇرىگىگە ئوتلار ياقايلى.
كاككۇكلارنىڭ قونار يېرى كوك تېرەك بېشى،
بىزنىڭ يارنىڭ ئوينار يېرى كۇمۇش تاغ قېشى.

كۆمۈش تاققا تولا قاراپ ئاقتى كوز يېشى،
تېپىلمايدۇ ماڭا ئوخشاش دەرتلەن ھېچكىشى.

## مەشۇغۇم

مېنىڭ بىرلا مەشۇغۇم بار قاپ- قارا چاچلىق،
شايى ئەتلەس كوينەك كىيگەن ئون ئالتە ياشلىق.
قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قوشۇما قاشلىق،
مادان سۈيى تامچىغاندەك كوزلىرى ياشلىق.

ئوكزىسىگە يۈكرۈپ چىقتىم يارنى كورگىلى،
چاقىپلەكتەك دۈگلەپ چۈشتۈم قايرىپ سۈيگىلى.
ئوي موراڭدىن چىققان تۈتۈن ھاۋاغا ئۆچتى،
ئىندىۋىدىلىك بۇ قۇرغۇيۇك سامادىن چۈشتى.
ئىندەپ - ئىندەپ ئىلىپ كەلدىڭ، قوندى قولۇڭغا،
خىزمىتىڭگە يارىمسام ياندۇر يولۇڭغا.

## نادانلىق

ئالما دەپ سۈندۇم قولۇمنى شېخىنى بادانى دەپ،
سەن مېنى خوپ كورمىدىڭ ئەقلى كىچىك نادانى دەپ.
ئەقلى كىچىك نادانلىغىمدىن ئاشىنا بولدۇم ساڭا،
سىنىماي كوڭلۈمنى بېرىپ خارى بولدۇم ھەم يانا.

## ئىنتىزارلىق

كوككىنە بوستان ئىچىدە ئاھ ئۇرارمەن يارى يوق،
يار سېنىڭ ھىجران ئوتۇڭدا سارغىيارمەن چارە يوق.

يوللىرىڭغا ئىنتىزار بوپ كوزلىرىمنىڭ هالى يوق،
ئىنتىزار بولسامۇ مۇندا هېچكىمنىڭ كارى يوق.
مۇڭ - زارىمغا چالاي دېسەم راۋابىمدا تارى يوق.

## بىۋاپا

كوك ئىشىكنىڭ قانىتىنى
سىرچىلارغا سىرلىتاي.
مەلىگە كەلگەن يىگىتنى
هويلامغا چىللىتاي،
مەلىگە كەلگەن يىگىتنىڭ،
تونى بار ئىچاسى يوق.
چىكىسىگە گۇل قىسىپتۇ
بەرگى بار غۇنچەسى يوق.
بەرگىسىنى قىسقىچە
غۇنچە قىسقان ياخشىراق.
بىۋاپا يار تۇتقىچە
يارسىز يۈرگەن ياخشىراق.

## ئارزۇ

ياردىن ئايرىلالمايمەن
ئاي يۈزۈڭنى كورگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە..
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە..

رەنجىگەنمىدىڭ مەندىن.
ئىشەنچىم ساڭا كامىل
ئۈمىت ئۈزمىدىم سەندىن.
ئۈمىت ئۈزمىدىم سەندىن،
كېيىدە تۇرار يار دەپ.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپتى،
ئامرىغىم سېنى بار دەپ.
ئامرىغىم سېنى بار دەپ،
مەن مەلەگدە ئوينايمەن.
مەلەگدە كورۇنمەسەڭ،
تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن.
تاڭ ئاتقىچە ئويلايمەن،
چۈشۈمگە كىرەر يار دەپ.
ئىلگىمگە ئېلىپ ئاخىر،
ئۆمۈرلۈك بولارمەن دەپ.

## ئاچ

غىپ قىلىپ غىپ ـ غىپ چىقادۇر
تۈگلۈگۈگدىن قارلىغاچ .
نەگە بارساڭ، نەدە تۇرساڭ
قولتۇغۇگدا ئاق توقاچ.
ماڭا ئوخشاش بەختسىزنىڭ
نەگە بارسا قارنى ئاچ.

بەرمەسەڭمۇ توقۇچىڭدىن
چىرايىڭنى تۈرمە، ئاچ.

## يالغانچى

زەپ چىرايلىق كىيىنىپلا ياقىسى گۈلخان ،
يالغانچى بىر يىگىتكەنلا ۋەدىسى يالغان.
ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ ئۈچ يىلغا قالغان،
بۇ يۈرەككە ئوتنى يېقىپ جېنىمنى ئالغان.

## بولسا

كوك ئاسماندا پىلىلدىغان
ئاينىڭ چىچىكى.
مېنىڭ يارىم بىرلا ئۈچۈن
جانىمنىڭ چىچىكى.
دەرەخ بولسا ئېگىز بولسا
ئېگىلمەس بولسا.
كوپ ـ كوك يېشىل يوپۇرمىغى
توكۈلمەس بولسا.
ياخشى ئادەم يامانلارنى
دورىماس بولسا.
بىر ياخشىغا بىر ياماننى
بۇيرۇماس بولسا.

## داۋا

كىچىگىمدە ئوقۇۋىدىم كالامۇللانى،
چوڭ بولۇپ بىلمەپتىمەن مەككە تىلـلانى.
مەككە تىلـلا ئىچىدە بىر تۈپ قىزىلگۈل
قىزىلگۈلنىڭ ئىچىدە مەختۇمخان بۇلبۇل.
مەختۇمخاننىڭ بېغىدا ئالما پىشىپتۇ
شاخلىرىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.
مەختۇمخاننىڭ ئالمىسى قوينىدا تۇرسۇن،
بىيىتلىرىم تۇمار بولۇپ بوينىدا تۇرسۇن.
مېنىڭ دادام داموللا قولىدا تەسۋى،
بىزنىڭ يارغا كېزىكتە چىقىپتۇ ئەسۋى.
تېۋىپ كەلسە يىگىندە ئۇنى ئىلغۇدەك ،
لېكىن شىپا بولماس زادى، پايدا قىلغۇدەك.
كىرپىگىمنى شۇ يار ئۈچۈن يىگنە قىلىمەن،
شۇ ئەسۋىنى، توختاڭلار، ئۆزەم ئىلىمەن.

## يارنىڭ ئەلەمى

باغ ئىچىدە ئېچىلىپتۇ
بىر تۈپ قىزىلگۈل.
يېنىڭىزدا سايرىشىپتۇ
مەستانە بۇلبۇل.
بىزنى كويدۇرگەن قىزنىڭ
دادىسى موللا.

سورايدىكەن شۇڭا بىزدىن
نەچچە يۈز تىللا.
موللا بولسا قولدا كىتاپ
ياندا قەلەمى،
شۇنچىمۇ يامان بولامدۇ
يارنىڭ ئەلەمى.

## ئوتىڭىز

ئاي تۇققاندا تۇققانىمىدى
مەشۇغۇم سىزنى،
كۈن پاتقاندا تەۋرەتكەنمۇ
بوشۇكىڭىزنى.
ئاق بۇلۇتتىن ياسىغانمۇ
توشەكىڭىزنى.
بىھۇش قىلىپ تۇگەشتۇردى
ئوتىڭىز بىزنى.

## تازا گۈل

پولات نەيزە، ئالماس قىلىچ
يەردە ياتامدۇ؟
ساڭا ئوخشاش تازا گۈل
سولۇپ ياتامدۇ؟
ساڭا ئوخشاش تازا گۈل
سولىشىپ ياتسا،

سوراپ بېقىڭ باغۋەندىن
ماڭا ساتامدۇ؟

## دەپ . . .

ئىشىك ئالدىڭ گۈلزارلىق،
قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم.
ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم ،
قايان كەتتىڭ تولۇن ئايىم.
باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.
كىشى كورۇپ قالمىسۇن دەپ
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.
ئاھ ئۇرۇپ مەن غۇنچە سۇندۇم
خوش كورۇپ ئالورمۇ دەپ.
مېھىر باغلاپ كوڭۇل بەردىم
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ.

## ئىشقىدا

يارىم چىقتى كول بېشىغا
ئۇسما قويۇپتۇ قېشىغا.
چوگۇنىغا سۇ ئۇسسا-اي
تولغۇزۇپتۇ كوز يېشىغا .
بېرىشىڭنى باغداكوردۇم
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ

بولدى كوزۇمگە تۇتىيا.
ئاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر
ئاپپاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ
يارى يۈرگەن كوچىلەر.
يارىنى كەپتۇ دىسە
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارى يۈرگەن كوچىلارنى
سۈپۈرەي ساچىم بىلەن.

## بولماس كېسىپ

تىل بىلەن تۈككەن تۈگۈچنى
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۈلنى،
گاڭ بىلەن بولماس كېسىپ.

## ئارمان

ئۆتنى كۆلگە بەردىلا،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلا،
گۈل خىلىنى تاپقىچە
قېرى بوۋايغا بەردىلا.
قېرى بوۋاي قانداق كىشى
ئاغزىدا يوقتۇر چىشى.
قوسىغىم ئاچتى دىسە
چايناپ بېرەر مەزلۇم كىشى.

## بولمىسۇن

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم
شايى ـ ئەتلەس پۈركىنىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.
تال ئۈچى تالغا تېگەمدۇ
تال ئۈچى تالغا يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ
ئۆيىڭىز ئاندىن يىراق.
ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

## لازىم ئەمەس

قاراقاشىم بار مېنىڭ
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئادىشىم بار مېنىڭ
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.
كوۋرۈكنىڭ تېگى تاختا
سۇلار ئاقىدۇ لاختا،
سەندىن باشقىنى دىسەم
قان قۇساي ئۆلەر ۋاختا.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

## سىزگە

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدىن
سېرىلىدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.
خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم
ئۇۋالىم سىزگە.

## ۋەدە

ئاققىنە كوينەك كىيىپسىز
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كوككىنە كوينەك كىيىپسىز
كوك تىكەنلەر ئىلمىسۇن،
ئىككىمىز ئاشىق بولايلى
ئويدىكىلەر بىلمىسۇن،
ئويدىكىلەر بىلسە بىلسۇن
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

ۋەدىسىدە تۇرمىغان
ئەسلا ئىنسان بولمىسۇن.

## نىمە بولار؟

ھەي خېنىم، رەھىم قىلىپ
ھالىمنى سورىساڭ نىمە بولار؟
مېنى مۇنچە قىينىماي
جېنىمنى ئالساڭ نىمە بولار؟
كويىگىنىمگە پۇتمىسەڭ
سىناپ باقساڭ نىمە بولار؟
يۈرىگىمنىڭ قېتىغا
كىرىپ باقساڭ نىمە بولار؟

## ئالسام

قارا - قارا قاغىلارنىڭ قاناتى بولسام
ئىگىز - ئىگىز چىنارلارنىڭ باشىغا قونسام.
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ شاگىرتى بولسام
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ جېنىنى ئالسام.

## ھەسرەت

ئاي ئالدىمدا كۈن كەينىمدە
ھەسرەت ئىچىمدە،
چىقماس ئوتنى سېلىپ قويلا
دەردىم ئىچىمدە.
ئىگىز - ئىگىز تاغ بېشىدا

چىراق كويىدۇ.
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى
يۈرەك كويىدۇ.
ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
قۇرغۇي ئەمەس ئەگىگەنلەر
يارلار ئەگىيدۇ.

## بىۋاپا

چىنىنى بەرمەك ناداننغا
ئويناپ - ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا يار تۇتسىڭىز
قاچان كوڭۇلنى تىندۇرار؟

## قانداق چىدايدۇ؟

چېشىڭىزنىڭ ئاقلىغى ئۈنچە تۇرادۇر،
يۈزىڭىزنىڭ مىسالى غۇنچە تۇرادۇر،
شۇ مۇبارەك تىلىڭىزدىن شەرۋەت تامادۇر،
شەرۋەتىڭنى تېتىپ كورسە تىلنى يارادۇر،
قېشىڭىز قازى بولۇپ يۈرتنى سورادۇر،
چېچىڭىز زەنجىر بولۇپ يولنى تورادۇر،
كوزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ جاننى ئالادۇر،
مىژگانىڭىز نەيزە بولۇپ جانغا پاتادۇر،
شۇ ھالەتتە ئاشىقىڭىز قانداق چىدادۇر.

# ئارزۇ

جېنىم يارىم ئايلار ئۆتتى
كۆرەلمىدىم جامالىڭنى.
سېنى كۆرمەي كۆڭۈل تىنماس
قىينىمىغىن يارىڭنى.
كۆرۈنسەڭمۇ كۆزۈمگە بىر
سالما مۇنچە جاپايىڭنى.
كېچە - كۈندۈز ئارزۇيۇم شۇ:
كۆرسەتكەن دەپ ۋاپايىڭنى

# يار

ئارپا بۇغداي مايسا بولدى
قول سىلىپ كەلسەڭچۇ، يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى
بىر كېلىپ كۆرسەڭچۇ، يار.
ئىشقى ئوتىدا سارغىيىپ،
تۇرارغا ھالىم قالمىدى،
لوقمان بولۇپ تومۇرۇمنى
بىر كېلىپ تۇتساڭچۇ، يار.
بۇ سودايى ئوت كۆيەككە
مۇپتىلا قىلدىڭ ئۆزەڭ،
مېنى مۇنچە قىينىماستىن
بىر داۋا قىلساڭچۇ، يار.

## بىلمەس

ئىشىك ئالدى بۆك تېرەكلىك
بۇلبۇل ئۆتەلمەس.
يېشىل - يېشىل يوپۇرماقتىن
يامغۇر ئۆتەلمەس.
ئاق قۇشقاچقا ناۋات بەرسەڭ
تەمىنى بىلمەس.
نادانلارغا كۆڭۈل بەرسەڭ
قەدرىنى بىلمەس.

## ئىچىدە

خۇدا بىزنى ياراتتى بىھۇش ئەسلان ئىچىدە
ئىككى كۆزۈم بىمارە، يۈرەگىم قان ئىچىدە.
مېنىڭ يارىم بىرگىنە بۇ دوك قوتان* ئىچىدە
ئوت پىراقنىڭ دەستىدە يۈردۇق پىغان ئىچىدە.

## بار

ئېچىپ قويسام كىتاپنى
چاك بېسىپتۇ دەيدۇلا.
شۇ مۇلايىم يىگىتنى
غەم بېسىپتۇ دەيدۇلا.
شۇ مۇلايىم يىگىتنىڭ
سۈرىتى سۇلتانچە بار.
شۇ يىگىتتىن باشقىسى
مەن ئۈچۈن ئۇلتانچە بار.

---

* دوك قوتان — لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يۇرت ئىسمى

# گۇمان

قارلىق تاققا قار يېغىپتۇ
بوستانغا تۇمان.
يارغا ياتنى سايە قىپتۇ
كوڭلۇمدە گۇمان.
يارىممىكىن ئەمەسمىكىن
شىپاڭدا ياتقان.
قاش ئېتىپ، كوز ئوينىتىپ
جاننى قاخشاتقان.

# بولۇر

قارا ياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ كويەك باشتا بولۇر،
يارنىڭ دەردى ھەرقاچان،
يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر.

# مەدھىيە

لاينىڭ ئېتى لايلىق،
سۇنىڭ ئېتى سايلىق،
ئىشىك ئالدىغا جىرىم سالدىم،
ئەمدى بولدى بىر ئايلىق.
مەن جاھاندا كورمىدىم
ئوزلىرىدەك چىرايلىق.

كېچە چىقسام تونۇمايلا
خۇش مۇبارەك ئۈزلىرى.
ئۈزلىرىگە ئوخشمايدۇ
خەلقى ئالەم قىزلىرى.

## لازىممىدى

ئىشك ئالدى تاختا كوۋرۈك
سۇدا پارە بولمىسا.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا
كوڭلى قارا بولمىسا.
كوڭۇلنىڭ قارالىغى
بىزگىمۇ مەلۇم ئىدى.
بىزچىلىك يارى تۇرۇپ
يار تۇتۇش لازىممىدى؟

## رەنجىش

يىغلىغايمەن ئاھ ئۇرۇپ
قەدرىمنى ھىچ بىلمىدىڭ.
شۇنچە خالايىق ئىچىدە
مېنى كوزگە ئىلمىدىڭ.
ۋاشقىغا قىلغان ۋاپانىڭ
مىڭدىن بىرىنى قىلمىدىڭ.
ئەسلى بىر نادان ئىكەنسەن
ئەقدەمنى بىلمىدىڭ.

## كوڭلى باشقا

دۇئا دەڭلار قارا قاشقا
ياد ئەتمىگەن باغرى تاشقا.
باغرىنىڭ قاتتىقلىغىنى
ئوخشىتايمۇ قارا تاشقا.
كېچە-كۈندۈز يىغلاپ يۈرۈپ
ئېتەكلىرىم تولدى ياشقا.
يەنە يىغلاپ نىمە قىلاي!
قارا قاشنىڭ كوڭلى باشقا.

## ئۈزۈۋەتمە

ئاتخانىنىڭ ئالدىدا
چېپار ئات تۇۋاقلارى.
بىزنىڭ قاراقاش يارنىڭ
مەخمەلدەك تۇماقلارى.
كوك مەخمەل تۇمىغىڭنى
كىيىپمۇ بۇزۇۋەتمە،
نادانلىق قىلىپ مەندىن
ئۇمىتنى ئۈزۈۋەتمە.

## ئىشتىياق

زەيتۇن تۇۋار دوپپاڭنىڭ
پوپۇكلىرى گۈل ئىكەن.

ساڭا كويگەن يىگىتلەر
ئىنىدىگەن قۇرغۇي ئىكەن.
ئىنىدىسەڭ ئىنىدە مېنى
ئىنىدىمىسەڭ ئۇچتۇم يىراق.
ئوڭ يېنىمدا ئوت كويدۇ
سول يېنىمدا ئىشتىياق.
ئىشتىياقنى تولا تارتىپ
ھېچ ماجالىم قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.
رو چىۋىن بولسا كىشى،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى،
دۇنيانى ئۇچ چوكىلەپ
ئوز يارىنى تاپسا كىشى.

## بولدۇم

ئانار يۈزۈڭگە، مەستانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن، بىگانە بولدۇم،
ئايدەك جامالىڭ، سەرۋى نىھالىڭ،
كويدۇردى مېنى، سەرسانە بولدۇم.
ئىشقىڭ ئەقلىمنى، پەريات ئەيلىدى
سارغىيىپ سولدۇم، زەردانە بولدۇم.
ھىجرىڭ ئوتىدا، داغلاندىم قانچە
پىراق دەستىدىن، دىۋانە بولدۇم.

بۇلۇت توسقان ئاي كەبى ھوسنۇڭنى
يوشۇرغاچ مەندىن يىگانە بولدۇم.
لالە يۈزۈڭنى سېغىنىپ ئەسلەپ،
بۇلبۇل مىسالى گىريانە بولدۇم.
كېلەر يولۇڭغا باش قويۇپ يېتىپ،
تەلپۈندۈم ساڭا، پەرۋانە بولدۇم.
ئاشلار سۇ بولۇپ ئاقتى ئاھىمگە،
دەردىڭدە شۇڭا غەمخانە بولدۇم.

## يالغۇز تويۇم①

يالغۇز تويۇم بىر پارچە تاش،
بۇلۇتنى تورغان.
ئونبەش ياشلىق گودەكلەرنى
بۇغدايدەك ئورغان.
ئونبەش ياشلىق گودەكلەر
جېنىدىن تويغان.
پەرىشتىلەر قول كوتىرىپ
لەھەتكە قويغان.
يالغۇز تويۇم ئارقىسى
قاپ-قارا سايدۇر.
ئومەر باتۇر مىنگەن ئېتى
بوز ئالا تايدۇر.

---

①جاي ئىسمى

بوز ئالا تايغى مىنىپ
ساي تۆۋەن قاچقان.
دۈشمەن ئاتلىق قوغلاپ كەلسە
بېشىنى چاپقان.

## مېنى

قارا - قارا قاشلىرىڭغا
قاتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشىڭنىڭ بازارىدا
ساتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشىڭنىڭ بازارىغا
بارمىسام ئەگەر
كىرپىكىڭنى ئوق - يا قىلىپ
ئاتساڭچۇ مېنى.
ئوق-يارىڭنىڭ ئوقى ماڭا
ئۆتمىسە ئەگەر
چاچلىرىڭنى قىلىچ قىلىپ
چاپساڭچۇ مېنى.

## زەپەر گۈلى

سەن ئۆزەڭنى نە ئاتايسەن
مەن ئۆزەم زەپەر گۈلى.
ئۆزىنى چوڭ چاغلىغانلار
يەردىكى يوگەي گۈلى.

يەردىكى يوگەي گۈلىنى
هەر كىشى دەسسەپ ئۇتەر.
بۇ مېنىڭ مىزان گۈلۈمنى
بەگلىرىم قىسسىپ ئۇتەر.

## يولدۇق

ئانىكام بازارغا كەتتى
قاپ- قارا نىمچا بىلەن.
ئارقىسىدىن گۈل ئەۋەتتىم
بىر سىقىم غۇنچە بىلەن.
ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن
پەمى بولسا غۇنچىنى.
بىز بىرىپ ئاۋات قىلارمىز
چولدە قالغان نوچىنى.

## مەيلىگە

باغدا ئۇسكەن لەيلىمەن،
تاغدا ئۇسكەن لەيلىمەن،
باغرىم قېنىپ يارىمغا
ئۇلۇپ كەتسەم مەيلىمەن.
توقاچ ياپسام تونۇرغا
ئورلەپ چىقتى هۇپپىدە.
ئامرىغىمنى چاي بىلەن

يۈتۈۋەتسەم گۈپپىدە.
قەشقەرلىق ئوتۇپ كەتتى
مەيلەردە سەيلىگە.
كۆڭۈل دىگەن بەڭۋاشنى
قويۇپ بەرمەك مەيلىگە.

## دەمسەن؟

مۇھەببەت ئوت پىراقىڭدا
يۈرەكنى كويدۈرەي دەمسەن؟
مېنىڭ ياشلىق باھارىمنىڭ
شېخىنى سۇندۇراي دەمسەن؟
يارىشىپتۇ ئەجەپمۇ
ئەتلەس كوينەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلمەمەن
دىۋانىدەك كوچاڭغا.
غازاڭلار توكۈلمەكتە
باراڭلاردا ئۈزۈم يوق.
بىۋاپا يار كەلمىسۇن
قارايدىغان كوزۈم يوق.

## كەتكۈدەك

بۈگۈنمىكىن ئەتىمىكىن
يايىرىم كەتكۈدەك.
ئالتە ئاي يازدىن ئەگەشكىنىم

زايا كەتكۈدەك.
ئىگىز تاققا چىقماڭ يايرىم
ئۇچۇپ ئۆلەرسىز.
چىرايلىققا كۆڭۈل بەرمەڭ
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

## ئەقىدە

قانداق كىشى كېتەردىكەن
يارىنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كەتسۇن
بىللىلا باشلاپ.
تاشلاپ كەتسەڭ ئۆمۈرۋايەت
ئۇنۇتمىغايمەن.
يەنە كەلسەڭ قېشىمغا
يولاتمىغايمەن.

## ئۈمىت

گۈللەر ئېچىلدى، باغچا ئىچىدە،
يارىم ئولتۇرار، ھوجرا ئىچىدە.
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، كىردىم ھوجرىغا،
ھوجرىدىن يېنىپ چىقتىم ھويلىغا.
باغدا ئېچىلغان ئەي گۈل نىگارىم،
دىلغا ئوت سالغان جان مېھرىۋانىم.

كېچە ۋە كۈندۈز قان يىغلاغانىم،
سېنى كورەلمەي جان قىيناغانىم،
يىغلىغان بىلەن ساقايماس بېشىم،
سارغايتما مېنى ئاقمىسۇن يېشىم.

## مېنى

ئاق تونۇڭنى نىمە كىيدىڭ،
زەيتۇنە تونۇڭ تۇرۇپ.
بۇ مەلىگە نىمە كەلدىڭ،
ئالمىدەك يارىڭ تۇرۇپ.
بۇ مەلەڭگە كەلمەس ئىدىم
يارى كەلتۈردى مېنى.
ئوتقا سالسا كويمەس ئىدىم
يارى كويدۇردى مېنى.
كويۇپ - كويۇپ كۈل بولارمەن
كوينىڭگە تۈگ مېنى.
ھەرقاچان يادىڭغا يەتسەم
تۈگمەڭ يېشىپ كور مېنى.

## ئەقىدە

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ
تال بويۇڭغا قونمىدىم.
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ
بىر سۆيۈپمۇ قويمىدىم.

ئىشىك ئالدىڭغا گۈل تېرىپ
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
بىۋاپا ئەمەسقۇ دەپ
ئەقىدەمنى ئۈزمىدىم.

## سېنى دەيمەن

سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن،
باشقىنى يار دېمەيمەن.
بىرسى مېنى يار دېگەن دەپ،
ھەسەل بەرسە يېمەيمەن.
مەن ئىشقىڭدا ئاشىق غېرىپ،
كىمگە ئېيتارمەن بېرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە
كورگىن ھەيدەمنى يېرىپ.
سېنى دەيمەن، سېنى دەيمەن
قالغۇچىلىك تامچە قان.
سېنى دىسەم قارنىم توقتۇر
يېمىسەمۇ بۇردا نان.

## دەستە گۈل

ئاق تىكەندىن شېكەر ئالدىم،
كوك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ۋەدەم بىلەن.

## رەنجىش

ئاق تاۋارمۇ كىيىپسىز،
كۆك تاۋارمۇ كىيىپسىز،
كۆڭلۈم سىزدە دەپ قويۇپ
باشقىلارنى سۆيۈپسىز.
نەدە بولسا شام چىراق
ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپسىز.
پەرۋانىدەك ئاخىرى
ئوت ئىچىدە ئۆلۈپسىز.

## تاپقۇدەك

قويۇق بارمۇ باققۇدەك،
چىراق بارمۇ ياققۇدەك.
مەلىمىزدە بىر قىز بار
ئاستا ئېلىپ قاچقۇدەك.
ئۇنىڭ بىلەن ھەر كىشى
ئۆز بەختىنى تاپقۇدەك.

## نېمىشقا؟

ئەلچى قويسام ئاناڭغا
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.

كىچىك بولساڭ نېمىشقا
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟
ئورۇۋاپسەن 2 تال
سىكىلەكلىك چېچىڭنى.
ئالتۇن بىلەن قاپلاپسەن
بىر جۈپ ئۇدۇل چىشىڭنى.
ئەمدى ئېيتقىن ئاناڭغا
ئوڭلاپ قويسۇن بېشىڭنى.
يەر تېگىدىن قارايسەن
چۈشەنمىدىم ئىشىڭنى.

## بار

تاڭ سەھەردە باققا كەل
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈم باراڭ ئاستىدا
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.
سۆز بىلەن نە ئىش پۈتەر
بىر جۈپ تەشنا كۆزۈم بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق
ئۆزەڭ سالغان ئوتۇڭ بار.

## ئىزىڭدا

بۇندا بۇلاق قاينىغاندەك
يارىمنىڭ كۆزى.

قەنۇ - ناۋات چاينىغاندەك
شىرىندۇر سوزى.
قەنۇ - ناۋات ئاغزىدىدۇر
شىكەر لىۋىدە.
سىرىق زەپەر قات ئىچىلۇر
باسقان ئىزىدە.

## كورگىچە

ساقايمايدۇ ئاغرىغىم،
تا قىيامەت ئولگىچە.
ساقلىمغا ئاق كىردى،
جۇپ مەڭزىڭنى سۆيگىچە.
ھالىم خاراپ بولدى يار
ئاي يۈزۈڭنى كورگىچە.

## ئوزلىرى

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۆمۈشمىكىن بويلىرى،
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك
ئويناپ تۇرغان كوزلىرى.
سايراپ تۇرغان بۇلبۇلدەك
شىرىن - شىكەر سوزلىرى،
ھىچكىمشىگە كويمەيتىم
كويدۇرۇۋالغان ئوزلىرى.

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

## پارچه بېيتلار

يارىمنىڭ كىيگەن كوينىكى

قىزىل دۇردۇن تاۋادۇر،

يارىمنىڭ كۈلۈشلىرى

يۈرىكىمگە داۋادۇر.

شۇنداق ياردىن ئايرىلسام

ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

× ×

ئاق سارايدىن چىقتىڭىز

ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.

كەينىڭىزدىن قاراپ قالدىم

زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.

زەپىرەڭ نەدە بولار؟

سۇدىن توۋەن لايدا بولار،

سىزنى يەنە كورگىچە

كوزلىرىم يولدا بولار.

× ×

يىغلىدىم ـ يىغلىدىم يوپۇرمىقىم ياشاردى، كەتتى،

يىغلىدىم تونلۇق يارىم مېنىڭ قەشقەرغە كەتتى.

كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن، قەرەلى يەتتى.
شۇ كۈنلەردە غېرىپچىلىق جېنىمدىن ئۆتتى.

× ×

ئىشىك ئالدى بىر تۈپ سۆگەت
قۇرغۇي قونالماس.
مېنىڭ يارىم گۈلگە ئوخشاش
بۇلبۇل قونالماس.
قونغان بىلەن سايرىيالماس
ئۇنىڭ شېخىدا
ئالغان ئىدىم يار كۆڭلىنى
كىچىك چېغىدا.

× ×

يار ئۆيىگە بارغۇنچە
ئالتە داۋان، يەتتە خادا.
بىۋاپا يار دەردىدە
مەيدەمدە بار مۇشتەك گادا.

× ×

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
ئازار بەرمەڭ جانىمغا
يۈرىگىمدە دەردىم بار.

× ×

گۈلنى گۈل دەرمۇ كىشى
گۈلنىڭ ساپاسى بولمىسا.
يارنى يار دەرمۇ كىشى
يارنىڭ ۋاپاسى بولمىسا.

× ×

چىنىنى سۈنۈق دەپلا،
چىنىدىن كوڭلۈم سۈنۈق.
بىزلەرنى بۇزۇق دەپلا،
بىز ئەمەس بەگلەر بۇزۇق.

جىگدىدىن يىلىم ئاپلا،
بەش چاچنى قاتار ساپلا.
بەگ غوجامغا تەقدىم دەپ،
جانلىرىغا جاپا ساپلا.

× ×

ئاق سارايغا ۋاسا تىزدىم
جۇپپۇ تاق.
باغ ئىچىدە ئولتۇرادۇر
يۈزى ئاق.
يۈزى ئاقنىڭ بولسا ياخشى
دىلى ئاق.
دىلى ئاقنىڭ ئاشنىسىنىڭ
كوڭلى چاغ.

× ×

باغ ئىچىدە قۇرۇپ قاپتۇ بىر پۇتاق
ئۇن بەش ياشتىن باشلاپ تارتتىم ئىشتىياق.
گۈل بولمىسا چىچىلامدۇ خۇش پۇراق،
يار كەلمىسە بېسىلامدۇ ئوت پىراق.

× ×

قارا ـ قارا قاغىلار قايرىلىپ ئۇچتى
ئەگىپ ـ ئەگىپ ئاخىرى يەرگە قونۇشتى.

ئەلنىڭ يارى يېقىندىكەن كۈندە كۆرۈشتى
مېنىڭ يارىم يىراقتىكەن كۆزۈمدىن ئۆچتى.

× ×

بېغىمىزدا ئالما تۆرسا شاپتۇلدىن يەپلا.
يوللىرىغا بىز بارغىچە ئۆزلىرى كەپلا.
كېلىلا يۇ، كېتىـلا يۇ سـاپ قۇرۇق گەپلا
ئالدىدا بىزنى ئەجەپ سۆيىمەن دەپلا.

× ×

بارغانلاردىن، يانغانلاردىن
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ هالىڭ نە كەچتى دەپ
ئۆزۈم بارايمۇ؟
بارغان بىلەن كورۈپ بولماس
يارنىڭ باشىنى.
دەرت كەلگەندە سۈرتۈپ بولماس
كوزنىڭ ياشىنى.

× ×

ئاققىنا ياغلىق چىگىپسىز
رەڭگى هاۋا رەڭ.
بىزنىڭ ئالما پىشىپ قالدى
كۈندە بېرىپ يەڭ.
ئانگىمىزغا ئالما بەرگەچ
كويگىنىمنى دەڭ.

× ×

يېڭى باغنىڭ شاپتۇللىرى
قىلتىرىقتەك سانچىلۇر.

يەتسەم ئەگەر ۋەسلىڭىزگە
كوڭلۈم گۈلدەك ئاچىلۇر.

× ×

هاۋاغا ئۇچاي ئىگىز،
بۇلۇتنى قىلاي كىگىز.
سىزدىن باشقىنى دىسەم
يۈرەككە تىقىلىڭ بىگىز.

× ×

ھەشقىپىچەك يامىشىپتۇ
باغدىكى جىنەستىگە.
نىمە دەپ كوڭلۈمنى بەردىم
بىۋاپا دىل خەستىگە.

× ×

مەيلى قانداق تىۋىپ بولسا
تومۇرنى تۇتار.
يار كېسەللى يۈرەكتىمدۇر
ئۇنى كىم ئۇقار؟

× ×

قارا ساچىڭ جۇلا ئەتسە ئەجەپ سۇمبۇلغا ئوخشايدۇ
سېنى يادى ئەتكەندە، يۈرەك جان بىرلە قاخشايدۇ.
كېچە - كۈندۈز سېنى ئىزلەپ بۇ تەندە قالمىدى تاقەت،
كىمشىنىڭ يۈرتىغا بېرىپ كوكۈل ئازغانغا ئوخشايدۇ.

× ×

بىر باققا ئانار قويدۇم
بىر ياققا توغاچ.
شۇ يارىمنىڭ دەردىدە
يۈرىگەم قوماچ.

بىزنىڭ يارنى ئاتايدىكەن يۇرتىدا رەنا،
تەرىپلىسەم ئەقلى كامىل موللامەدەك دەنا.
دەنا بولسا كەل دىگەندە بىر كەلمەسمىدى،
كەلمىگەننى كورۇپ قويدۇق قۇرۇقلا بانا.

× ×

گۇلنى قىستىم ئويماق ـ ئويماق،
بارمۇ ئوز ياردىن تايماق،
ئەجەپ بىر مۇشكۇل كەلدى
سۇيگىنىدىن ئايرىلماق.
ئۇچ ئايرىلساڭ ئولەرسەن
دىۋىدى يارىم مىنىڭ.
بەش ئايرىلىپ باقتىمغۇ ھىچ
چىقمىدى جانىم مىنىڭ.

× ×

خۇدا سالدى مىنى بۇ جەۋرى ـ جاپاغا،
بىكار يىغلاپتىمەن سەن بىۋاپاغا،
ساڭا يىغلىغىچە يىغلاي خۇداغا.
خۇدا دەپ يىغلىسام ئوچلار بېشىمنى،
سامانداك ساغىرىپ توكسەم يېشىمنى.
سامانداك ساغىرىپ بولماس،
بولۇتتەك ئاقىرىپ بولماس،
پاناسى يوق ئىپزىز جاننى
كىشىگە خار قىلىپ بولماس.

× ×

ئاق تىكەن گۇر ـ گۇر كويەدۇ
كوك تىكەنگە چارە يوق.

دەردى بار ئوتتا كويەدۇ
دەردى يوقنىڭ كارى يىرق.

× ×

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس
ساينىڭ تېشىنى.
دەرت كەلگەندە سىڭىرىپ بولماس
كوزنىڭ يېشىنى.
سۇغا سالساڭ سۇ كوتەرمەس
مىسقال تومۇرنى.
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس
قالغان كوڭۇلنى.

× ×

يارىم بىزگە باقماي تۇرۇپ
دىلگە غەم سالدى.
قۇرغۇي بولۇپ شاختا قونۇپ
جېنىمنى ئالدى.
چىن تومۇرنىڭ قىزىچىسىدەك
قۇرغۇي سېلىشتىرق.
قىزدىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك
كوڭۇل ئېلىشتىرق.

× ×

ئاللا يارىم كەڭ يايلاقتا ئۇزدۇڭ يايلامسەن؟
سېمىز قوينىڭ قوزىسىدەك سەكرەپ ئوينامسەن؟
سەن ئوياقتا مەن بۇياقتا قاچان كورەرمەن
ئامان بولسام يارىم سېنى بىر كۈن سۆيەرمەن.

× ×

گۆل تېرىدىم مايسا بولدى
شاخ چىقاردى رەڭمۇ - رەڭ.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا
بوغداي ئۆڭلۈك سەۋزى رەڭ.

× ×

خەتنى يازدىم رۇشكىدا
ھەر بىر سوزۇم توچكىدا.
سەندىن جاۋاپ كەلگىچە
كوز - قۇلىغىم پوچتىدا.

× ×

ئاغزىڭىز پۇلدەككىنە،
قايرىپ سۇيەي گۇلدەككىنە،
پەشلىرىمنى قىستۇرۇپ
خىزمەت قىلاي قۇلدەككىنە.

× ×

ئەتىگەندە قارىسام
باغلا ① بىلەن كىچىڭىز ②،
بىزنى ئوتقا سەپ قويۇپ
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز.

× ×

ھارۋىدىن پاسا چۈشتى
قولومدىن ھاسا چۈشتى.

---

① ، ② ئاستىن ئاتۇشتىكى يېزا ئىسىملىرى

سايدەك چاققان خېنەمگا
مېنىڭ كوڭلۇم راسا چۈشتى.

× ×

ئوتىمىزنى ئاچمىسلا،
چوغىمىزنى چېچىمىسلا.
ياشلىق دېگەن ھەركىمدە بارە
بىزدىن ئۇنداق قاچمىسلا.

× ×

يىراق يولدىن قورقماسمەن
شامال يەتمەس ئېتىم بارە
ئوزلىرىگە ئۈچ بۇرجەك
قاتلاپ قويغان خېتىم بارە
خېتىمنى ئوقۇپ باقسىلا
ئاشىق دېگەن ئېتىم بارە

× ×

ئەجەپ يۇمشاق يەر ئىكەن
قوغۇن - قاپاق تەرگۈدەك.
بىزنىڭ يارنىڭ ئانىسى
باشقا ئەرگە بەرگۈدەك.
ھەيلى يوققا بارماستىن
ماڭا قېچىپ كەلگۈدەك.

× ×

تالاغا چىقىپ باققىن
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟

دەردىڭدە يۈرەك كۆيدى
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟
چاپىنىمنىڭ ئەستىرى
ئاق ئەستە، قىزىل ئەستە.
ھېنى ئوتقا سەپ قويۇپ
سەن يۈرەمسەن بىخەستە.

× ×

ئارقىدىكى كاۋىنى
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
نىمە دەپ بەردىم كۆڭۈلنى
ئەقىل بىلمەس نادانغا.
ئەگەشمەيمەن پەندىيات
كۆڭۈل دىگەن ساراڭغا.

× ×

ئوزلىرىگە ئاتاپ بىيىت ئىبەرتتىم،
بىيىت ئەمەس يۈرىگىمنى ئىبەرتتىم.
ئەقىدەمنى شۇ بېيىتتىن بىلسىلە،
بىزنى ئەمدى كوزلىرىگە ئىلسىلە.
سۇلايماندەك ① گىدىيىشتىن يىراق بىز
ئۇنداق قىلماي ئوچۇق كەپنى دىسىلە.

---

① سۇلايمان پەيغەمبەر، تەكەببۇرلۇقنىڭ سىمۋولى

# يەرلىك بېيىتلار

## 1. قوشۇق بېيىتلىرى

ئاقتىنە ياغلىق ئىچىدە،
بىر تۈگۈن گۈل ساقلىدىم.
گۈلنى ئېلىپ بېشىغا،
تاجى قىلىپ تاقىدىم.
بارچە خەقلەر تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن
ئۇزلىرىگە ساقلىدىم.

× ×

يۇقۇرىدىن سۇ چۈشىدۇ،
تاشتىن - تاشقا شاقىراپ.
خېنىم بوغۇم ئولتۇرادۇ،
تولۇن ئايدەك پاقىراپ.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن
پۈتتۈردۇق تۇمار.
سۇدىن ئاققان لەھەل تاشتەك
كوزلىرى خۇمار.

تۇگۇن تۇگۇلدەككىنە،
تۇگۇلۇپ يېشىلگەندەككىنە.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا
قىزدىلگۇل ئېچىلغاندەككىنە.

× ×

ئوغۇل چوك قىلدۇق
موللا ئالىم.
خېنىم بۇغۇم تولۇن ئايىم.
كېچە - كۇندۇز تىلىۋىدۇق
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

× ×

كىچىككىنە باغ ئىچىدە،
يېڭى ئۇنگەن گۇل ئانار.
شۇغىنە خېنىم بۇغۇمنىڭ،
ھەر بويىدا گۇلى بار.
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ
قولىدا كىتاۋى بار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك
ئاي يۇزىدە خالى بار.

× ×

يۇقۇرىدىن چۇشۇپ كېلەر
ئالا ئاتلىغى.
ئۇستىگە مىنىپ كېلور،
قەلەم قاشلىقى.

كالاموللا غەرەگىدەك،
كوزى قانلىغى.
پىشقان ئۈزۈم شەرۋىتىدەك
سوزى تاتلىغى.

× ×

تاغدىن چۈشتى تاش بىلىق،
سۈدىن چىقتى ئاي بىلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
(بىر - بىرىگە خوپ لايىق.)
قول تۇتۇشۇپ ماڭغاندا،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

× ×

ئاي چىقسا ئاي تۇغۇر
كۈن چىقسا كۈن تۇغۇر.
مۇنداق ياخشى گوھەرلەرنى،
مۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر؟

× ×

ئۇ باغچىنىڭ، بۇ باغچىنىڭ
كوچە تىكىنىسى.
مېنىڭ يارىم ئالەم خەلقىنىڭ
چەچە كىكىنىسى.
ئالماس بىلەن سومىلاپ قويغان
بىلە كىكىنىسى.
ئالتۇن بىلەن قاپلاپ قويغان
يۈرەكىكىنىسى.

× ×

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا
قوۇم - قوۇم سايلار،
قوۇم - قوۇم سايلار ئاراسىدا.
تولۇن ئايلار.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن دەپ
پۇتكەن تۇمارلار.
سۇدىن چىققان لەھەل تاشتەك،
كوزلىرى خۇمارلار.

× ×

بۇگۇن ئايغا ئالتە دەيدۇ،
سانىسام يەتتى،
بىۋاپاغا ئاشنا بولسام،
تاشلىدى كەتتى.
مېنى تاشلاپ كەتكىنىگنى،
ئۇنۇتمىغايمەن.
ئەمدى كەلسەڭ قاش - قونامغا،
يولاتمىغايمەن.
يولاتمەيمەن قېشىمغا،
مۇكلىنىپ قالغىن.
ئارپا - بۇغداي سامانىدەك
ساغىرىپ قالغىن.

× ×

ئىلىدىن چىققان پىچاقنىڭ
ساپىغى دانىمۇ - دانە.

ئۆزلىرىنىڭ كويىدا
تەلۋە - دىۋانە.
دىۋانە بولۇپتۇ دەپ
خەۋەرلىرى كەلدى.
كۆلگىمىز كېلىدۇ،
ئۆزلىرىنىڭ بىۋاپالىقلىرىغا،
ئۆلگىمىز كېلىدۇ.

× ×

هەزرىتى جەۋرائىل كېلىپ،
ئەسلا جېنىمنى ئالمىدى.
ئۆزلىرىگە ئاشىق يۈرۈپ
تېنىمدە جېنىم قالمىدى.
ئۆتلىرىنى ئالسىلا،
مەندىن بولەككە سالسىلا.
يەتتە جەننەت ئېچىلسا،
بېھىش ئىچىدە قالسىلا.

× ×

تال - تالگىنە قىرچىن تالنىڭ،
ئۇچلىرى شېكەر.
قىرچىن تالدەك بويلىرىغا
ئالسىلا نوكەر.
بارچە گۈلنىڭ سانى يوق
تۆپلەپ ئۈزدۈم بويلىرىغا.
يالغۇز ئولسەكمۇ ئولەيلى،
ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىدا.

× ×

كورگىلى كەلدىڭمۇ يار،
كويدۇرگىلى كەلدىڭمۇ يار.
كويۇپ ئوچكەن ئوتلىرىنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار.
كورگىلى كەلگەن بولساڭ،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

× ×

مىراپ ئاكام يامانكەن،
بىزنى خوش - خوش دىدۇردى.
ئېتى يامان خەلىچە
قىرىق پالاق ئۇردۇردى.
خېلىچىمۇ - خېلىچە،
توختاپ تۇرۇڭ ھىلىچە،
بېرىشقا ھەركەت قىلۇرمەن
ئامالىمىنىڭ بېرىچە.

× ×

كىچىككىنە باغ ئىچىدە،
تال دەرەخ بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتكەن يارىمغا
يار كېرەك بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتسەڭ كېتەرسەن
كىمگە بولدى بۇ زىيان.

تەلىيىم بولسا تاپارمەن
سەندىن ئوبدان مېھرىبان.

× ×

ئاق سارايدىن چىقتىلا،
ئاق تاۋارتۇنى كىيىپ،
يەلكىلىرىدۇر زۇلپىدەك،
تال چۈشقىدەك ئېگىلىپ.
تال چۈشۈق، زىۋا چۈشۈق،
بويىڭىزغا تىلىم تەگمىسۇن.
سېنىڭدىن باشقىنى دىسەم،
تىلىم ئىمانغا كەلمىسۇن.

× ×

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا
قۇرغۇي سايرايدۇ.
يارىمنىڭ يانچۇغىدىن
قۇرۇق ئۈزۈم پۇرايدۇ.
قۇرۇق ئۈزۈم بېرەرمەن دەپ،
قۇرۇتتۇڭمۇ مېنى.
زىنداندىكى گۇناكاردەك،
ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى.
ئۇنتۇپ قالساڭ، ئۇنتۇپ قالغىن،
گۇنايىم باردۇر.
ئاخىرەتكە بارغان چاغدا،
سوراغىم باردۇر.

× ×

ئوزلىرىنىڭ بويلىرى
جاگو - قومۇشتەك.
خۇيلىرىنىڭ ئوبدانلىغى
ئالتۇن - كۆمۈشتەك.
قىلىپ ئوتكەن سوزلىرى
شىرىن - شېكەردەك.
ئىككىمىزنىڭ ئاشىقلىغى
لەيلى - مەجنۇندەك،

× ×

يارىم كېلىپتۇ ماڭا ئىرادە،
سالغان ئوتلىرى ئۇنىدىن زىيادە.
يارىنىڭ ئىشقىدا مەستانە بولدۇم،
خەقتىن يوشۇرسام ئاشكارا بولدۇم.
ئاشكارا قىلغان سېنىڭ ئىشىڭدۇر،
مەستانە قىلغان ئالتۇن بېشىڭدۇر.

× ×

قارچۇغام قۇشلاي سېنى،
ياخشىغا چۇش، ياخشىغا چۇش.
سۇدا ئودەك، باغدا پاختەك،
ئىزلەپ بېرىپ سوخسۇرغا چۇش.
سۇدا ئودەك، باغدا پاختەك،
مايسا چاينىپ يۈرگۈدەك.
مەن يارىمنى ئاگلىسام،
ھەر يەردە ئوينىپ يۈرگۈدەك.

ئويغسمۇ ئويغسۇن،
ھەر يەردە بىر دەم ئويغسۇن،
كوڭلىمنى دەۋانە ئەيلەپ،
يارى تۇتقان بولمىسۇن.

× ×

ئىشىك ئالدى تېرەك بوستان،
قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم.
قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا
قايان باردىڭ تولۇن ئايىم.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن
تۇمار بولسۇن مېنىڭ جانىم،
سۇدىن قالغان لەھەل تاشتەك
كوزى شەھلانە - خۇمارىم.

× ×

ئاتنى توقۇڭلار،
بۇ يەرگە كېلىپ
مېنىپ چاپايلى
توۋەن خوتەنگە.
توۋەن خوتەننى،
سەرپايە قىلدۇق،
سەكسەن توگەڭنى،
قاتارى قىلدۇق.
قاتارى قىلغان،
سېنىڭ ئىشىگدۇر.

هەستانە قىلغان،
شەرتىن سوزۇڭدۇر.

× ×

قەلەم قاشلىق ئىكەن
يارنىڭ سىياقى.
ئەجەپ دىشۋار ئىكەن
ئىشق پىراقى.
مېنى هاردۇردى
يولنىڭ يىراقى.
يول يىراقىدىن
چەندان ئەۋەتتىم.
چەندانغا قوشۇپ
غەليانە ئەۋەتتىم.
غەليانىنى كورۇپ
هەيران دىگەيسەن.
مېنى شۇ هالدا
ۋەيران دىگەيسەن.

× ×

قارچۇغامنى قۇشلاي دىسەم،
سالغىلى هىچنەرسە يوق.
بارچە ئالەمنى كېزىپ يۇرسەم،
بىر سېنىڭدەك ياخشى يوق.
بارچە ئالەم بىرسىرى
يالغۇز ماڭا سەن بىرسىرى.

تەلپۈنۈپ قۇشتەك ئۇچارمەن
ھەر زامان سېنىڭ سېرى.

× ×

يارىم بىلەن يۈرگەن ئويلەر
سۆۋاقسىزكەن.
مەن يارىمدىن سوراپ باقسام
كۆڭۈلسىزكەن.
كۆڭۈلسىزنى بىلىپ تۇرۇپ
ئويلىدىم سېنى.
زىنداندىكى گۇناكاردەك
قىينىدىڭ مېنى.
قىينىساڭمۇ قىيناۋەگىن
گۇنايىڭ باردۇر.
ئاخىرەتتە سورىقىلى
خۇدايىم باردۇر.
تام بېشىدا ئولتۇرادۇر،
شاخشى بويلۇق شايىگىت
ئاغزىدىن شەرۋەت تامادۇر،
شەرۋىتى ئالتۇن يىگىت.
ئالتۇنىدىكىن ئۇزلىرى،
كۆمۈشىدىكىن سوزلىرى.
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك
ئىككى قارا كوزلىرى.

× ×

تاختا بېشىدا تۇرغان كىتاپنى،
توپا بېسىپتۇ دىدىلا.

شۇغىنە مولّلا يىگىتنى،
هال بېسىپتۇ دەردلا.
شۇغىنە مولّلا يىگىتنىڭ،
سولتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.
گۈلنى ئۈزسەڭ بېقىپ ئۈز،
شاخىدا بەرگى قالمىسۇن.
يارنى سۆيسەڭ بېقىپ سۆي
كوڭلىدە ئارمان قالمىسۇن.

× ×

بۈزەرگادىن لاچىن ئالدىم،
باغرى كوككىنە.
بۇ دۇنيادا بىر بارمىكىن،
ئوزىردەككىنە.
بۇ دۇنيادا بار بولسا،
ئوزىردەككىنە.
ئوڭ قولۇمغا قوندۇرۇۋالسام،
قۇرغۇيدەككىنە.
قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
مەن سىزگە نىمە قىلدىم
تاشلاپ قاچمىسىلا خانىم.

× ×

تال - تال قومۇشۇم،
كېپىلغان يارەي.

قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك،
بالدۇر ئېچىلغان يارەي،
ئېرىقنىڭ دانىسىدەك،
كوڭلى چېچىلغان يارەي.
بالدۇر ئېيتساڭچۇ ماڭا
مەيلىم يوق ئىدى دەپ،
مەن كەتمەسمىدىم
يارىم يوق ئىدى دەپ.
مەن ئولتۇرىمەن،
قوق تۈۋىدە ساقلاپ.
سەن ئولتۇرىسەن،
ساچىڭنى تاراپ.
مەن ئولتۇرسام،
بېغىڭدىن ماراپ.
قالىمىدى ھالىم،
ئىتلىرىڭ تالاپ.

× ×

سىز يىراقتىن يېڭى ئايدەك كەلدىڭىز،
بىر نەزەر سالماي كوڭۇلنى ئالدىڭىز.
بىر نەزەر سېلىپ كوڭۇلنى ئالسىڭىز
ئاخىرەت دولەت باسار باشىڭىز.

× ×

ئاخشام بولسا خالى ئويدە چىراق كويەدۇ،
چىراق ئەمەس يارغىنەمنىڭ باغرى كويەدۇ.
چىراقنى ياندۇرۇپ قويدۇم مورا بېشىدا،

ياغ قۇيۇپ، پىلىك سالاي كوزنىڭ يېشىدا.
ئېيتىپ - ئېيتىپ ئىبەرگىچە
كەلمەسمۇ ئوزى؟!
كويەر ئوتقا مېنى سېلىپ
كويمەسمۇ ئوزى؟!

× ×

سېنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن
قۇرۇق ئالامەت.
سەن يار ئۈچۈن بىزنىڭ ئويلەر
بولدى قىيامەت.
ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە
ھەسرەت ئىچىمدە.
كويۇپ تۇرغان ئوتنى سالدىڭ
مېنىڭ ئىچىمگە.

× ×

قاشىڭىز قايمۇ - قارادۇر،
كىرپىكىڭىز زىرۇ - زەۋەر.
مەن كويەرمەن ئوتىڭىزدا
سىز يۈرەرسىز بىخەۋەر.

× ×

قاپ - قارا بوران كېلىپ سۇندۇردى گۇلنىڭ شاخىنى
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي بىۋاپانىڭ دەردىنى.
يار كېلىپ سالدى يۈرەككە خەنجىردىنى نەچچە رەت،
بۇ جاھاندا كىم سىرار مىسكىن كوڭۇلنىڭ ئەرزىنى.

× ×

كوككىنە كەپتەر ئەمەسمىز
كۆندە - كۆندە كەلگىلى.
ئايدا - يىلدا بىر كېلەرمىز
ئاي يۈزۈڭنى كورگىلى.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە - پىيالىگە.
رەھمىسى كەلمەيدىغۇ
بىز يېتىم بىچارىگە.
بىز يېتىم بىچارىلەر،
تامدىن قاراپ يۈرگۈدەك.
چارىسىنىڭ يوقلۇغىدىن،
كۆندە مىڭلاپ ئۆلگىدەك.

× ×

سايدا ئۈنگەن كوك قومۇشتەك
قاشلىرىڭنىڭ قارىسى.
بۇنداقمۇ يىراق چۈشەرمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى
قىلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
شىمشىدەك بويۈڭنى كورسەم،
مەككىدەك قىلسام تاۋاپ.
مەككىگە بارماق يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۆندە كورسەم،

مەككىگە بارغانچە بار،
مەككىنىڭ مۇرابىدەك،
قاپ - قارادۇر قاشلىرى.
لەيلى - مەجنۇن تالغا ئوخشار،
ئىككى زۇلپار چاچلىرى،
ئايغا ئوخشادۇ يۈزلىرى،
شېكەرگە ئوخشادۇ سوزلىرى.
ئوزلىرىگە ئوخشىماس،
جۈملە ئالەم خەقلىرى.

× ×

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن
تېرەك ئىكەندۇق.
ئۇشلاپ قويغان ئۇن دەپتىمەن
كېپەك ئىكەندۇق.
يارنى ئەجەپ تاشلاپتىمەن
كېرەك ئىكەندۇق.

× ×

دوزاق ئۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن
ئۇيانمۇ قاچ، بۇيانمۇ قاچ.
ئوتىغا پايلىمىساڭ
سىچىرال ① قوپۇپ سۇلارنى چاچ.

× ×

يىپ ئەمەس، يىپەك ئەمەس
ئۇچىڭىزغا كىيگەنىڭىز.

---

① سىچىرال — چاچراپ، دەرھال مەنىسىدە (قومۇل شېۋىسى).

بىزدىن ئارتۇقچە ئەمەستۇر
ماختاپ تۇرۇپ سۆيگەنلىگىمىز.
ماختاپ تۇرۇپ سۆيگەن بىلەن،
بولسا ئومۇرلۇك ياخشىراق.
بىۋاپالىق قىلسا گەر،
بولمامدۇ ئۇ جانغا پىچاق.

× ×

ئارا تامنىڭ يانلىرى،
تارام - تارام سۇ كېچىگى.
يۇرت ئىچىدە بىر يارىم بار،
قىزىل ئالما چىچىگى.
قىزىل ئالما چىچىگىنى،
ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتاي.
زەپ چىرايلىق خۇيلىرىڭنى،
ئەمدى قاچان ئۇنۇتاي.

# 2 . لوپنۇر بېيىتلىرى

## تاشلىماسمەن

مەن سېنى تاشلاپ كەتسەم يىراققا،
ئاخىر چۈشەرمەن گورزى دوزاققا.
مەن سېنى تاشلاپ كېتىپ قارا قاش
كېچە - كۈندۈز كوزۈمدىن ئاقتى قان ياش.
مەن يەنە بىر يوللاردىن يانادۇرمەن،
ئازاپتا ئىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
ئىلاندەك تولغىنىپ بارسام قاشىڭغا،
لاچىندەك ئەگىپ قونسام شاخىڭغا.
ئوزۈم يالغۇزمەنكى، يوق ھېچ كىمەرسەم،
كىشى بولسا ئەردى خالتا ئىبەرتسەم،
خېتىمنى پىنھاندا ئوقۇتۇپ ئاڭلاك،
ئىشق ئوتىنى كويگەندە چاغلاك.

## سىزگە

باغدامەن، مىڭ چورۇلۇپ چۈشتى شېخى بىدانە دەپ،
سىز مېنى يار ئەتمىدىڭىز ئەقلى كىچىك نادانى دەپ.

بۇ مېنىڭ نادانلىغىمدىن زار بولدۇم مەن سىزگە،
سىنىماي كۆڭۈل بېرىپ خار بولدۇم مەن سىزگە،
نامە يازدىم مەن غېرىپ كۆز ياشىمنى سىيا قىلىپ،
يەتتە دوزاق ئوتىدا كۆيگەندەك كۆيدۇم خېنىم سىزگە،
خاھ كۆلدۈرۈك، خاھ ئۆلتۈرۈك، ئامانەت جېنىم سىزگە.

## قۇرباندۇر

مىسران قىلىچ سۆڭەككە يەتتى.
سېنىڭ ئوتۇڭ يۈرەككە يەتتى.
يەتتى پەلەككە ئاھىما،
چىقتى مېنىڭ جانىما.
سەنسىز قىلىچ سىيان باقىپ،
ھەمىشە يولدا ئىز باقىپ،
بەتگوپاغا ① باغرىم ئاقىپ،
قالمىدى ئەسلا ھالىما.
دەرياغا چۈشۈپ ئاقىپ باقتىم،
باغرىمنى نەمگە ياقىپ باقتىم،
ئوتقا چۈشتۈم ئىرادە،
دوزاقتا كۆيۈك خېنىم سىزدىن زىيادە.
ئۈنچە تېشىڭ نەھۇت بىلەن مارجاندۇر،
ئايدەك يۈزۈڭ چولپانلارغا سۇلتاندۇر،
ئايدەك ئاتىپ، كۈندەك ئاتىپ،
كۈندە تاۋاپ قىلىمەن.
بۇ مېنىڭ شىرىن جانىم سېنىڭ ئۈچۈن قۇرباندۇر.

---

① بەتگوپا — ۋاپاسىز.

## سېغىندۇق

سېغىندۇق بىناھايەت ئۆزلىرىنى،
تولا شىرىن مۇبارەك سۆزلىرىنى.
نى سائەتتە كۆرەرمىز قىزىلگۈلدەك يۈزلىرىنى.
سۈزۈك چەشمە كۆزلىرى، مېھرىبانىم ئۆزلىرى،
قارىغانغا قارىمايمىز تاشلىۋەتكەن ئۆزلىرى.
مۇددىئا ئولدۇر كىم؛ بۇ باغدا بولساق ئىككىمىز،
قولتۇقلىشىپ گۈللەرنى تاللاپ ئۈزسەك ئىككىمىز،
چۈن پىراغەت ئەشرىبان نەزمە قىلساق ئىككىمىز،
مۇرات ھاسىل بولامدۇ توي ئوينىساق ئىككىمىز!

## سودايى بولدۇم

لاچىن بالىسى سايرايدۇ تاغدا،
سەھەر ① كېلىڭلار ئوينايلى باغدا.
سەھەر كەلمىسەڭ قانداق كېلىسەن؟
ئوتۇم ئىچىڭدە كۆيۈپ بىلىسەن،
تېرىسام كۆدەي ② نامغا ③ ئۈنمەيسەن
خىلىڭدا يارنى تاپىپ كېلىسەن
تېرىسام كۆدەي ئۈنمەيسەن قىياق،
يېتەلمەيمىز ئارىمىز يىراق.
ئاي يۈزىڭىزگە قاشىڭىز سىياق،
سانچىلىپتۇ جانغا ئوت ـ پىراق.
بولۇپسەن سۈلۈك ④ ئالتە ئالەمگە
سودايى بولدۇم تېنەپ مەلەگدە.

---

① يوشۇرۇن. ② قومۇش، ③ نەم يەر ④ ئېسىل بىر جانىۋارنىڭ ئىسمى. سولەيسۈن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ئەرز ئېيتىش

هاۋادا غاز كېلىدۇ
چىمەلى يېتىپ.
مەن يارىمغا چاي قۇيدۇم
ناۋاتنى قېتىپ.
ئىچمىسە ئىچۈرەرمەن
جانىمنى قېتىپ.
سۆيمىسە سۆيدۈرەرمەن
ئەرزىمنى ئېيتىپ.

## ئاي جامالىڭ

ئاي جامالىڭ يورتىدۇ،
تۈننى پاقىراپ.
تاشتى ياشىم يامغۇردەك
كوزدىن شاقىراپ.
بىر كەلمىدىڭ يارىم سەن،
مەندىن هال سوراپ.
يەت هالىمغا گۈلئايىم،
بولماي مەن خاراپ.

## ئەسلەش

ئېگىز تاغنىڭ ئۈيانىدا،
جەرەن يۈرۈشلۈك.

ۋەدىلەشىپ سىز بىلەن
نىمە دىيىشتۇق؟
سىزدىمۇ يوق، بىزدىمۇ يوق
قۇرۇق بالامەت.
سىزنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيدە
كۈندە قىيامەت.

## بار ئىدى

ئوتتا كويگۈم بار ئىدى
چوغدا كويگۈم بار ئىدى.
ياتقا بەرگەن كوڭلۈمنى
سىزگە بەرگۈم بار ئىدى.
ياتنىڭ ئوتى ئۆچىدىكەن،
بىرىپ كەلگىچە.
سىزنىڭ ئوتىڭىز ئۆچمەيدۇ،
تاكى ئۆلگىچە.

× ×

ئاي بولۇپتۇ، يىل بولۇپتۇ،
ئوتىڭىزدا كويگەلى.
بىر كىلىپ قوياي دىمەيسىز،
مەن غىرىپنى كورگەلى.
بۇ دۇنيادا يوقكەن ھىچ يول
سىزنى بىرىپ سۆيگەلى.
بىزمۇ ھىلتىق ئىسىپ چىقتۇق،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.

بۇ دۇنياغا يارالغانمەن
دەردىڭىزنى تارتقىلى.
ئەمدى نومۇس قىلارسىز
بىزنى تاشلاپ كەتكىلى.

× ×

ئالدىم قولۇمغا مەن راۋاپ،
چىقتىم سېنى ئىزلەپ سوراپ.
لوپنۇر كولىنىڭ بويىدا،
تۇردۇم ھازا ساگا قاراپ.
كەلسەڭ ناۋادا تور يېيىپ،
بېلىقلىرىڭ قىلغاي تاۋاپ.
مەنمۇ بېلىق سۇرەت بولۇپ،
ئاقسام يېنىڭدا پىقىراپ.
سۇ كېلۇر لايىقىپ - لايىن،
سىزدىن نىچۇك ئايرىلايىن.
ئەگەر سىزدىن ئايرىلسام،
خەنجەر بىسىغا سانچىلايىن.

× ×

يەر چاڭگىدىن ① بوران كەلدى
ئوتتى غاز-تۇرنا.
ئەسلى مېنى كويدۇرگەن
ئىنجەسى ② زورا.
زورا بىلەن توقىدۇق بىز،

① يەر ئىسمى. ② ئاچا.

كۆدەيدە بورا.
قىيامەتلىك ۋەددىمىز بار
مەن ئاڭا جورا.

× ×

ئەشمە ① قولۇ ② ئايرىلىپ،
كۆلى قالۇ قايرىلىپ،
مۇسۇلمانلار ساناڭلار،
ئالتە يىل بولدى ئايرىلىپ.
بار دەرتىنى ئىچىمگە يۇتتۇم،
ساقايمايدۇ ئاغرىغىم.
ساقايمىسۇن ئاغرىغىم
تا قىيامەت ئۆلگىچە،
ساقالىمغا ئاق چالدى ③
كۆل مەگزىدىكىنى سۆيگىچە
ھالىم خاراپ بولدى يار
بەتكوپانى كورگىچە.

× ×

تاك سەھەردە ناغرا چالدى
ئاڭلاندى ئۈنى.
ئالتىندا ④ كوك ئارغىماق،
يەتكەندۇ كۈنى.

---

① يىۈمران، ② قول، قولى، ③ ئاق كىردى.
④ ئالتىنى — ئاستى، ئالتىندا، ئاستىدا مەنىسىدە.

ئالتىندا كوك ئارغىماق،
سائەتلىك تۇرسا.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتەي،
پۇرسەتلا بولسا.

× ×

كەپىش كىيدى پۇتىغا،
چاينى قۇيدى قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا
مېنى قويدى ئوتىغا.
شايى - ئەتلەس يارىشىپتۇ،
قالدەك ئوسكەن بويىغا.
بىزنى ئەجەپ چىللىماپتۇ
ئىچەسىنىڭ تويىغا.

**维吾尔情歌**

（维吾尔文）

阿布都克里木·热合曼收集整理

伊斯拉木江·西日甫校订

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

新疆日报印刷厂印刷

1981年9月第1版 1981年12月第1次印刷

印数1——18,000

统一书号：M 10264·4

定价： 0.20元

统一书号：M10264—4
定　价：　0.20元